مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ھەققىدىكى كىتابلار

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق

باش تۈزگۈچى : خې فۇلىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار : قادىر داۋۇت
غوپۇر ئىسمائىل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ھەققىدىكى كىتابلارنى
تۈزۈش كومىتېتى

مۇدىرى : لى كاڭنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى : جۇ يۈەن ، جاڭ گۈيتىڭ ، شاۋ چياڭ ،
ياڭ جىنخۇا ، لو يۈەنفۇ ، چى جۇڭچىڭ ،
شەۋكەت ئىمىن ،خې فۇلىن

پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كىرگەن. ئۇ ئاساسلىقى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ۋە دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىش شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئاشكارا ھالدا ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىگەن. تۈركىيىلىك ئەخمەت كامال ۋە تۈركىيىدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن شىنجاڭلىق مەسئۇد ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئوقۇغۇچىلاردىن تۈركىيىنىڭ سۇلتانى ئوسماننى داھى دەپ بىلىشنى، تۈركىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان، مۇسۇلمان بالىلاردىن تۈركىيىنىڭ خەلىپىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى دادىسى دەپ بىلىشنى تەلەپ قىلغان؛ «ئەجدادىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز تۈركىيە» دې-گەننى كۆككە كۆتۈرگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزم شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتىدىن تارتىپلا زور مىقداردىكى ۋەتەن ساتقۇچلۇق زەھىرىنى تارقاتقان.

ئەگەر پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزم بەزى دۆلەتلەردە، بەزى ۋاقىتلاردا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتەك ئاكتىپ روللارنى ئوينىغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان بەزى ئىلغارلىق رولىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئەكسىيەتچىل، چىرىك ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەكسىيەتچىل ئىدېئولوگىيە شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، مەسئۇد مەمتىمىن، ئەيسا بەگكە ئوخشاش بەزى ئەسەبىي مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىشتۈردى. ئۇلار پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزمنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، سىياسەت، ئىدىيە، مىللەت، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىكى نەزەرىيىسى» نى يادرو قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى قۇراشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل سىياسىي پروگراممىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئىككى ئۆمرى قىسقا بۆلگۈنچى

ھاكىمىيەتنىڭ گۇمران بولۇشى سەۋەبلىك مەملىكەت سىرتىغا قېچىپ كەتكەن مەمتىمىن 1940 ــ يىلى كەشمىردە « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » نى نەشىر قىلدۇردى. بۇ « شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىكى » ئىدىيىسى مەركەزلەشتۈرۈلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئەسەر بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تا بۈگۈنكى كۈنگىچە گۆھەر دەپ بىلمەكتە. بۇ ئەكسىيەتچى ئەسەردە كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر مۇنۇلار:

بىرىنچى، مىللەت ئەلا نەزەرىيىسى. تۈرك تىلى ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي پائالىيەتلەردىكى زامان ۋە ماكان دائىرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي رولىنى مۇبالىغە قىلىپ، تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى مىسىرنىڭكىدىن « بەش مىڭ يىل بۇرۇن » باشلانغان ھەمدە بۇنىڭدىن توققۇز مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلغان دەپ جۆيلۈش؛ بىزنىڭ « ۋەتىنىمىز » ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، « غەربتە شىمالىي دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە ياۋروپاغىچە بارىدۇ، شىمالدا شىمالىي ئوكيان بىلەن، شەرقتە تىنچ ئوكيان بىلەن، جەنۇبتا ھىندى ئوكيان بىلەن چېگرىلىنىدۇ »، « دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى » دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە ۋالاقلاش ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى، شىنجاڭ « مۇستەقىللىكى » نەزەرىيىسى. شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، « شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپلا بىر مۇستەقىل دۆلەت ئىدى » دەپ جۆيلۈپ، قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ۋە غەربىي دىياردىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ سىرتىدا « مۇستەقىل » تۇرىدىغان مىللەتلەر ئىدى دەپ ۋالاقلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىنى جۇڭگو بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويۇپ، سەددىچىن سېپىلىنى « تۈركلەر بىلەن جۇڭگو » نىڭ دۆلەت چېگرىسى قاتارىدا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى ئىنكار قىلىش.

ئۈچىنچى، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى چەتكە قېقىش

نەزەرىيىسى . مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دوستانە باردى - كەلدى قىلىپ ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە قۇرغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ئىنكار قىلىپ ، مىللەتلەر مۇنا- سىۋىتى تارىخىنى خەنزۇ مىللىتى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك ، ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىش تارىخى دەپ تەسۋىرلەپ ، خەنزۇ مىللىتىنى « ۋەھشىي تاجاۋۇزچى » دەپ ھاقارەتلەش ، جۇڭگوغا « شەرقىي تۈركىستان مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق دۈشمىنى » دەپ قارا چاپلاش ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىيارنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى « تاجاۋۇز قىلىپ ئىشغال قىلىۋالغانلىق » دەپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى « يۇتۇۋالغانلىق » دەپ تۆھمەت قىلىپ ، « تۈرك مىللىتىدىن باشقا ھەممە مىللەتكە قارشى تۇرۇش كېرەك » ، « باشقا دىندىكىلەرنى يوقىتىش كېرەك » دەپ چوقان كۆتۈ- رۈش .

تۆتىنچى ، پان تۈرك ئورتاق گەۋدىسى نەزەرىيىسى . سىنىپىي زىددىيەتنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ ، ئاتالمىش « تۈرك مىل- لىتى » « تۈرك مەدەنىيىتى » ، « تۈرك دۆلىتى » نى تەرغىب قىلىش ، قەدىمكى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا ۋە غەربىي دىياردا ياشىغان بارلىق مىللەتلەرنى ، جۈملىدىن تۈرك تىلى ئائىلىسىدىكى ۋە تۈرك تىلى ئائىلىسىدە بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى « تۈرك مىللىتى » دەپ ئاتاپ ، بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى « تۈرك مەدەنىيىتى » دەۋېلىپ ، بۇ مىللەتلەر ھەرىكەت قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى « تۈرك دۆلىتى » گە كىرگۈزۈپ ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ۋە ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىغا تۈپتىن خىلاپلىق قىلىش .

بەشىنچى ، شەرقىي تۈركىستان « ئىنقىلابى » نەزەرىيىسى . ئاتال- مىش شەرقىي تۈركىستان « ئىنقىلابى » نىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش » دېگەننى تەرغىب قىلىش . بۇ سۆزدىن ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئەپتـ - بەشىرسى پۈتۈنلەي ئاشكارىلانغان . ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى قايتا - قايتا مەغلۇپ بولغاندىن كې-

يمن، ئۇلار يەنە «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس يۇرتىنى تېخى ئورۇنداپ بولمىدى» دەپ قاقشاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتالمىش «دۆلەت قارىشى، مىللەت ئېڭى، دىنىي ئېتىقادى» نى كۈچەيتىش لازىم دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنىدا پۈتۈنلەي يېمىرىپ تاشلانغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئەرۋاھىنى چىللاشقا ئورۇنغان.

## ئۈچىنچى بۆلۈم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرايلى

يۇقىرىقى تەھلىلگە ئاساسەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا ئىلمىي تەبىر بېرەلەيمىز. خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كۈرەش ئەھۋالى چۈشۈندۈرۈپ بەردىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك — مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى پەيدا قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇس، ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنى بۆلۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق ۋە بەختلىك تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تارىخ ئېقىمىنىڭ تەتۈرىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، دۆلەتنى بۆلۈۋېتىشنى قەستلىگەن ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى.

بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ بىرلىككە ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىش. بۇ كۈرەش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى جاھانگىرلىكنىڭ تا-
جاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ داۋامى،
زامانىمىزدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «تىنچ
ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستىنى تار-مار قىلىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كۈرەش
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش
بىلەنلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەپەئىتىنى،
ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللىي
بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىن بۆلۈپ
چىقىپ كېتىش سۇيىقەستىگە شىنجاڭدىكى 16 مىليوندىن ئارتۇق ھەر
مىللەت خەلقى قەتئىي يول قويمايلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت-
مىزدىكى بىر مىليارد 200 مىليون خەلقمۇ مۇتلەق يول قويمايدۇ. جۇڭگو
خەلقىنىڭ «دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇن-
چىلىق قىلىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى
مەنئى قىلىش» تىن ئىبارەت ئورتاق ئىرادىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» غا يېزىپ كىرگۈزۈلدى. مىللىي
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ باش
تارتىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى.

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش «ئازسانلىق مىللەتلەرگە
قارشى تۇرغانلىق» مۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمە-
تىمىز ئەزەلدىنلا شۇنداق قاراپ كەلدىكى، مەيلى قايسى مىللەتتىن
بولسۇن، مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى كادىرلار ۋە ئامما بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرىدۇ، ۋەتەنگە سادىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنى،
سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇستەھكەم تايانچ كۈچىمىز.
بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغانلار پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر بولۇپ،

ئۇلار قايسى بىر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ ، ئۇلار مىللىي مۇناپىقلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى . مىللىي بۆلگۈنچىلىك دېگەن ئۇقۇمنى خەت يۈزى بويىچىلا چۈشىنىشكە بولمايدۇ ، خۇددى مىللىي كېڭەيمىچىلىك ۋە مىللىي تەسلىمچىلىك دېگەننى پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەممىسى چەتكە تاجاۋۇزچىلىق ، كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە پۈتۈن مىللەت دۈشمەنگە تىز پۈكۈپ تەسلىم بولىدۇ دەپ چۈشىنىشكە بولمىغاندەك ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك دېگەننىمۇ پۈتۈن مىللەت بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ .

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش زىت بولمايلا قالماستىن ، بەلكى بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ . رېئال تۇرمۇشتا ، مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ . لېكىن بۇ كۆپلىگەن ئامىللار ئەچىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ھەقىقەتەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا يول قويۇلۇپ ، بۈگۈن بۇ يەردە پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان ، ئەتە ئۇ يەردە تېررورلۇق قىلىدىغان ، پارتلىتىدىغان ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولسا ، كىشىلەر ئەتىدىن - كەچكىچە دەككىدە يۈرسە ، پۈتۈن جەمئىيەت مالىمانچىلىقتا قالسا ، بىزنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز مۇمكىنمۇ ؟ دېمەك ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى . مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا ، ئاندىن

ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن پۇختا كاپالەت يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ھەممىيلەن كۆز ئىككەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ھال ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرغانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە كاشىلا بولغانلىق ئەمەس، قانداقتۇ «سول» چىللىقنىڭ ئىدىيىۋى ئىپادىسى تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۇشتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدە چىڭ تۇرۇش بىرلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز خەلقئارادا شىنجاڭنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، «شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» ئىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1986 ـ يىلى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ غايەت زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ خەلقئارادىكى ئىجابىي تەسىرى

ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمى بارغانسېرى تېزلىتىلدى. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن 300 مىليون، 400 مىليون، 500 مىليون دوللارلىق ئۈچ پەللىگە چىقتى. بۇ پاكىت چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىز ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشقا تەسىر يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي مۇقىملىق ساقلاپ قېلىنىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يەتكۈزۈپ بەردى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىر مىللەتتىن بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان بىر نەچچە ئۇنسۇرنىڭ چىققانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئۇ بۇ مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنگە قوشقان شانلىق تۆھپىسىگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاممىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىشى لازىم.» ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاممىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىش ـ ئاتلانماسلىق بۇ كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ ساپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، پرولېتارىيات سىياسەتچىلىرىگە خاس پەزىلەتنى ھازىرلىغان ـ ھازىرلىمىغانلىقىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى. ئاچقۇچ — مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا. ئۇنداق بولماي، دۇدۇقلاپ، مۇجمەل بولىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاممىنىڭ ئۆز بىلەن دۈشمەننىڭ چەك ـ چېگرىسى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى مۇجمەللەشتۈرۈش، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بوشتالاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ ـ دە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىشى، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى ئالداپ ۋەقە تۇغدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىلىدۇ، بۇنى بىر قانۇنىيەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «جاھان تىنچلاندى» دەپ ھېس، قىلىپ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويغان چاغلارنىڭ ئۇندىن توققۇزىدا چاتاق چىقىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم، لېكىن تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىمەن دەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا مۇجمەللىك قىلىشقا بولمايدۇ. تۈپ مەسىلە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مېڭىسى سەگەك تۇتۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىدا. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەر خىل سۇيىقەستلىرىنى ۋاقتىدا پاش قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تېخىمۇ تىغ كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ.

# بىرىنچى باب

## شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن

### بىرىنچى بۆلۈم شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ رەسمىي ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمىغا ئايلانغان

شىنجاڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، تارىختا ئۇزاققىچە غەربىي دىيار دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

ھازىرغىچە شىنجاڭ زېمىنى ئىچىدىن تېپىلغان تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت سىپتا ئىشلەنگەن تاش قوراللارنى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلىدۇ. سىپتا ئىشلەنگەن تاش قوراللار بۇنىڭدىن 7000 ــ 8000 يىل ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن. شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان سىپتا ئىشلەنگەن تاش قوراللارنىڭ شەكلى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان سىپتا ئىشلەنگەن تاش قوراللار بىلەن مەلۇم ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ كېيىن مەيدانغا كەلگەن ساپال قوراللار، بولۇپمۇ رەڭدار ساپال قوراللار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىڭ ناھىيىسىدىكى «شاجىڭ مەدەنىيىتى» نى ۋەكىل قىلغان رەڭدار ساپال قوراللار بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئورتاقلىقى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى شىنجاڭدىكى ئاھالىلەر بىلەن شەنشى، گەنسۇدىكى شۇنىڭدەك خۇاڭخې ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئورتاقلىقىنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىخ بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى

چۇنچيۇ ـ جەنگو دەۋرى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770 — 221 ـ يىللىرى ) گە قەدەم قويغان چاغدا يېزىپ قالدۇرۇلغان جەنگو دەۋرىگە ئائىت خاتىرە — « تاغ ـ ئېرىقلار قۇرئى » ، « مۇتيەنزى تەزكىرىسى » قاتارلىق قەدىمكى كىتابلاردىن غەربىي دىيار توغرىسىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەر كۆزگە چېلىقىدۇ ، گەرچە ئۇ رىۋايەت بولسىمۇ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ . لوپنور كۆلى رايونىدىن قېزىلغان قەبرىلەردىن دېڭىز قۇلۇلىسى قېپىدىن ئىشلەنگەن ھەمدەپنە زىننەت بۇيۇملىرى بايقالغان ، ھالبۇكى ، بۇنداق قۇلۇلە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ياقىلىرىدىن چىقىدۇ . بۇ ھال ئىچكى قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئاتقا تۆگىگە ئالماشتۇرۇش بۇ چاغدا خېلى ئەۋج ئالغان . مۇشۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە ، ئارايەر دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى يۇناندا جۇڭگونىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى بار بولغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جۇڭگونى « يىپەك دۆلىتى » دەپ ئاتىغان . بۇ ھال ئىچكى جايلارنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئۆتۈپ ياۋروپاغا تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

چىڭ سۇلالىسى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 — 206 ـ يىللىرى ) نىڭ پادىشاھى چىن شىخۋاڭ پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، خەن سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىزدە بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت مۇستەھكەملەنگەن مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ . خەن سۇلالىسى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادى 220 ـ يىلغىچە ) ھۆكۈمىتى ھونلار بىلەن يىپەك يولىنى تالىشىش ئۈچۈن ، جاڭ چيەننى غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن . بىرىنچى قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان . ئىككىنچى قېتىمدا ، جاڭ چيەن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چىگۇچېڭ شەھىرىگە ( ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ) يېتىپ

بارغان، ئۇنىڭ ياردەمچىسى فەرغانىگە (ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدا) يېتىپ بارغان. ئۇسۇن (ھازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ مەنبەسىدىن بىرى) خانلىقىنىڭ قاغانى ئەۋەتكەن ئەلچى جاڭ چيەن بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە يېتىپ بارغان. ئۇسۇن قاغانىنىڭ تەلپىگە بىنائەن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىزلىرى شىجۈن، شيېۇلەر مەلىكە نامىدا ئۇسۇنغا ياتلىق قىلىنغان. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇننىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىششى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشقا ئېشىپ، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى خەن سۇلالىسى بۇگۇردە «يالۋاچ چېرىكچى» تەسىس قىلغان، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68 ـ يىلى «پەشامشامنىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى يالۋاچ» قا ئۆزگەرتىلگەن. پىشامشام ئەسلىدە ھازىرقى چەرچەن چېگرىسى ئىچىدىكى كرورەن بولۇپ، تۇرپان رايونى كېيىن كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خاتا ھالدا پىشامشام دەپ ئاتالغان. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى قوغداپ قېلىنغان، بۇنىڭدىكى مەقسەت، غەربىي دىيار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى ھونلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، شەنيۈخاننىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدىغان شيەن شەنشەن قوشۇن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە قوشۇلدى. «پىشامشامنىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى يالۋاچ» جېڭ جى بۇيرۇقىغا بىنائەن كۈسەن (ھازىرقى كۇچا) گە بېرىپ شيەن شەنرەننى كۈتۈۋالدى، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شيەن شەنرەنگە پەزىلەتلىك بەگ دەپ نام بەردى، جېڭ جى «غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى» لىككە تەيىنلىنىپ، ئۇرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى چېدىر يېزىسىدا) شەھرىدە تۇرۇپ، پۈتۈن غەربىي دىيارنى ئىدارە قىلدى. غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى ئىچكى جايلاردىكى ۋىلايەت بېگى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى يەرلىك

ئەمەلدار ئىدى. غەربىي دىياردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى بەرگەن تامغىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنداق تامغىدىن شايار ناھىيىسىدىن بىرى تېپىلغان. غەربىي دىيار قوروقچىبېگىنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي دىياردا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋالدى. كېيىن لىيۇشيۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ مەزگىلدە، ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي دىيارنى يېڭىباشتىن تىزگىنلىدى. غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئابرويى ۋە ئەخلاقىنى سېغىندى، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىلادىنىڭ 74 ـ يىلى يېڭىباشتىن «غەربىي دىيار قوروقچىبېگى» ۋە «يالۋاچ چېرىكچى» تەسىس قىلدى. بەن چاۋ غەربىي دىيار قوروقچىبېگىلىكىگە تەيىنلىنىپ كۆسەندە تۇردى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە 50 نەچچە دۆلەت بار ئىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدە يەنە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. پىشامشام، كۆسەن، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) قاتارلىق دۆلەتلەر لوياڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ پادىشاھلىق (220 ــ 280 ـ يىللار) دەۋرىدىكى ساۋۋېي ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ساۋۋېي ھۆكۈمىتى قايدۇ (ھازىرقى لوپنۇردا) «غەربىي دىيار دورغاچى» ۋە ئىدىقۇت (ھازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) «قورول چېرىكچى» تەسىس قىلدى، ئۇ سىمايەن قۇرغان غەربىي جىن سۇلالىسى (265 ــ 317 ـ يىللار) غىچە داۋام قىلدى. غەربىي جىن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، شەرقىي جىن (317 ــ 420 ـ يىللىرى) نەنجىڭدا پايتەخت قۇردى. شىمالدا ھون، شيەنبى، شياڭدى، چياڭ مىللەتلىرى ۋە خەنزۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 16 دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى لياڭدىكى جاڭ‍ى ھاكىم

بارغان، ئۇنىڭ ياردەمچىسى فەرغانىگە (ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدا) يېتىپ بارغان، ئۇسۇن (ھازىرقى قازاق ئىللىتىنىڭ مەنبەسىدىن بىرى) خانلىقىنىڭ قاغانى ئەۋەتكەن ئەلچى جاڭ چيەن بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە يېتىپ بارغان. ئۇسۇن قاغانىنىڭ تەلپىگە بىنائەن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىزلىرى شىجۈن، شىيۇلەر مەلىكە نامىدا ئۇسۇنغا ياتلىق قىلىنغان. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇننىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىشىشى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشقا ئېشىپ، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى خەن سۇلالىسى بوگۇردە «يالۋاچ چېرىكچى» تەسىس قىلغان، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى «پىشامشامنىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى يالۋاچ» قا ئۆزگەرتىلگەن. پىشامشام ئەسلىدە ھازىرقى چەرچەن چېگرىسى ئىچىدىكى كرورەن بولۇپ، تۇرپان رايونى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، چېڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خاتا ھالدا پىشامشام دەپ ئاتالغان. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى قوغداپ قېلىنغان، بۇنىڭدىكى مەقسەت، غەربىي دىيار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى ھونلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، شەنيۈخاننىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان شيەن شەنشەن قوشۇن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە قوشۇلدى. «پىشامشامنىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى يالۋاچ» جېڭ جى بۇيرۇققا بىنائەن كۈسەن (ھازىرقى كۇچا) گە بېرىپ شيەن شەنرەننى كۈتۈۋالدى، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شيەن شەنرەنگە پەزىلەتلىك بەگ دەپ نام بەردى، جېڭ جى «غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى» لىككە تەيىنلىنىپ، ئۇرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى چېدىر يېزىسىدا) شەھىرىدە تۇرۇپ، پۈتۈن غەربىي دىيارنى ئىدارە قىلدى. غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى ئىچكى جايلاردىكى ۋىلايەت بېگى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى يەرلىك

ئەمەلدار ئىدى. غەربىي دىياردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى بەرگەن تامغىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنداق تامغىدىن شايار ناھىيىسىدىن بىرى تېپىلغان. غەربىي دىيار قورۇقچىبېگىنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي دىياردا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋالدى. كېيىن لىيۇشيۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ مەزگىلدە، ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي دىيارنى يېڭىباشتىن تىزگىنلىدى. غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئابرويى ۋە ئەخلاقىنى سېغىندى، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىلادىنىڭ 74 ـ يىلى يېڭىباشتىن «غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى» ۋە «يالۋاچ چېرىكچى» تەسىس قىلدى. بەن چاۋ غەربىي دىيار قورۇقچىبېگىلىكىگە تەيىنلىنىپ كۆسەندە تۇردى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە 50 نەچچە دۆلەت بار ئىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدە يەنە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. پىشامشام، كۆسەن، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) قاتارلىق دۆلەتلەر لوياڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ پادىشاھلىق (220 — 280 ـ يىللار) دەۋرىدىكى ساۋۋېي ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ساۋۋېي ھۆكۈمىتى قايدۇ (ھازىرقى لوپنۇردا) «غەربىي دىيار دورغاچى» ۋە ئىدىقۇت (ھازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) «قورۇل چېرىكچى» تەسىس قىلدى، ئۇ سىمايەن قۇرغان غەربىي جىن سۇلالىسى (265 — 317 ـ يىللار) غىچە داۋام قىلدى. غەربىي جىن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، شەرقىي جىن (317 — 420 ـ يىللىرى) نەنجىڭدا پايتەخت قۇردى. شىمالدا ھون، شيەنبى، شياڭدى، چياڭ مىللەتلىرى ۋە خەنزۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 16 دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى لياڭدىكى جاڭگى ھاكىمـ

بارغان، ئۇنىڭ ياردەمچىسى فەرغانىگە ( ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ) يېتىپ بارغان. ئۇسۇن ( ھازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ مەنبەسىدىن بىرى ) خانلىقىنىڭ قاغانى ئەۋەتكەن ئەلچى جاڭ چيەن بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە يېتىپ بارغان. ئۇسۇن قاغانىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىزلىرى شىجۈن، شىيۇلەر مەلىكە نامىدا ئۇسۇنغا ياتلىق قىلىنغان. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇننىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىشىشى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشقا ئېشىپ، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى خەن سۇلالىسى بۇگۈردە « يالۋاچ چېرىكچى » تەسىس قىلغان، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى « پىشامشامنىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى يالۋاچ » قا ئۆزگەرتىلگەن. پىشامشام ئەسلىدە ھازىرقى چەرچەن، چېگرىسى ئېچىدىكى كرورەن بولۇپ، تۇرپان رايونى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خاتا ھالدا پىشامشام دەپ ئاتالغان. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى قوغداپ قېلىنغان، بۇنىڭدىكى مەقسەت، غەربىي دىيار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى ھونلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، شەنيۈخاننىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدىغان شيەن شەنشەن قوشۇن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە قوشۇلدى. « پىشامشامنىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى يالۋاچ » جېڭ جى بۇيرۇققا بىنائەن كۆسەن ( ھازىرقى كۇچا ) گە بېرىپ شيەن شەنرەننى كۈتۈۋالدى، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شيەن شەنرەنگە پەزىلەتلىك بەگ دەپ نام بەردى، جېڭ جى « غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى » لىككە تەيىنلىنىپ، ئۇرلى ( ھازىرقى بۇگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى چېدىر يېزىسىدا ) شەھىرىدە تۇرۇپ، پۈتۈن غەربىي دىيارنى ئىدارە قىلدى. غەربىي دىيار قورۇقچىبېگى ئىچكى جايلاردىكى ۋىلايەت بېگى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى يەرلىك

ئەمەلدار ئىدى. غەربىي دىياردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى بەرگەن تامغىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنداق تامغىدىن شايار ناھىيىسىدىن بىرى تېپىلغان. غەربىي دىيار قوروقچىبېگىنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي دىياردا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋالدى. كېيىن ليۇشيۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ مەزگىلدە، ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي دىيارنى يېڭىباشتىن تىزگىنلىدى. غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئابرويى ۋە ئەخلاقىنى سېغىندى، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىلادىنىڭ 74 ـ يىلى يېڭىباشتىن « غەربىي دىيار قوروقچىبېگى » ۋە « يالۋاچ چېرىكچى » تەسىس قىلدى. بەن چاۋ غەربىي دىيار قوروقچىبېگىلىككە تەيىنلىنىپ كۆسەندە تۇردى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە 50 نەچچە دۆلەت بار ئىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدە يەنە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. پىشامشام، كۆسەن، ئۇدۇن ( ھازىرقى خوتەن ) قاتارلىق دۆلەتلەر لوياڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ پادىشاھلىق ( 220 — 280 ـ يىللار ) دەۋرىدىكى ساۋۋېي ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ساۋۋېي ھۆكۈمىتى قايدۇ ( ھازىرقى لوپنۇردا ) « غەربىي دىيار دورغاچى » ۋە ئىدىقۇت ( ھازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ) « قورۇل چېرىكچى » تەسىس قىلدى، ئۇ سىمايەن قۇرغان غەربىي جىن سۇلالىسى ( 265 — 317 ـ يىللار ) غىچە داۋام قىلدى. غەربىي جىن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، شەرقىي جىن ( 317 — 420 ـ يىللىرى ) نەنجىڭدا پايتەخت قۇردى. شىمالدا ھون، شيەنبى، شياڭدى، چياڭ مىللەتلىرى ۋە خەنزۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 16 دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى لياڭدىكى جاڭسى ھاكىمـ

يىتى « غەربىي دىيار دورغاجى » ۋە « قورۇل چېرىكچى » دېگەن ئەمەل
نامىنى داۋاملىق قوللاندى. ھەمدە 327 ـ يىلى شىنجاڭ رايونىدا تۇنجى قېتىم
ۋىلايەت ــ ئىدىقۇت ۋىلايىتى تەسىس قىلدى، ئۇ شاجۇ ئايمىقى ( ھا-
زىرقى دۇنخۇاڭدا ) يەرلىك ئەمەلدارىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ( 386 ـــ 534 ـ يىللىرى ) كۆتۈرۈلگەندىن
كېيىن، كۆسەن، سۇلى، ئۇسۇن، ياپبان ( ھازىرقى كۇچانىڭ
شىمالىدا )، كاۋانتا ( ھازىرقى تاشقورغاندا )، پىشامشام، ئاگنى ( ھا-
زىرقى يەنجى ناھىيىسىدە ) قاتارلىق دۆلەتلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
پايتەختى پىڭچېڭ شەھرىگە ( ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھرى-
نىڭ شەرقىدە ) ئەمەلدار ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇپ، شىمالىي ۋېي
ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شىما-
لىي ۋېي ھۆكۈمىتىمۇ غەربىي دىيارغا ئەمەلدار ئەۋەتكەن، ئۇلار ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى پەرغانە ۋە تاشكەنتكىچە بارغان، شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل
بۆلۈنۈش بىلەن توختاپ قالغان ئالاقە قويۇقلاشتۇرۇلغان. شىمالىي ۋېي
ھۆكۈمىتى شىمال تەرەپنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پىشامشام،
ئاگنى قاتارلىق جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرغۇزغان ۋە غەربىي دىياردا
دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئونۇملۇك يۈرگۈزگەن.

بۇ چاغدا غەربىي دىياردا گەنسۇلۇق چۈي جيا قۇرغان « چۈي جيا
ئىدىقۇت » ھاكىمىيىتى مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ،
ئازكەم بىر يېرىم ئەسىرگىچە توققۇز ئەۋلاد داۋام قىلغان. بۇ ھاكىمىيەت
ئىدىقۇت زېمىنى ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى، پۈتۈنلەي ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى، خەنزۇچە كىتابلارنى
ئوقۇشنى يولغا قويغان، ئەمما « غۇزلار » تىلىدا سۆزلەشكەن. بۇ خەن-
زۇلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دەرھال شيەنبى مىللىتى قۇرغان
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە پۇقرا بولۇپ ئولپان تاپشۇرغان، كې-
يىن يەنە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان.
غەربىي دىياردا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ھاكىمىيەت شىمال تەرەپتىكى
تۈركلەر ھاكىمىيىتى بولۇپ، تۈركلەر ئالتاي تاغلىرىدىن جەنۇبقا قاراپ

يول ئېلىپ تيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يۇلتۇز دەرياسى ۋادىلىرىغىچە ، غەربتە هازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي قىسمىغىچە يېتىپ بارغان . 582 ـ يىلى تۈرك خاندانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ؛ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىق مەركىزى كۆسەننىڭ شىمالىدىكى رايونلار بولۇپ ، غەربىي دىيار رايونى ئاساسلىقى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان .

سۈي سۇلالىسى ( 581 ــ 618 ـ يىللار ) نىڭ پادىشاھى سۈي تاڭدى جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلگەندە ، ئىدىقوت قاغانى ۋە غەربىي دىياردىكى هەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى بېرىپ تەبرىكلىگەن . سۈي سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئىۋىرغولدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ ، هازىرقى چاقىلىق رايونىدا پىشامشام ۋىلايىتى ، هازىرقى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا چەرچەن ۋىلايىتى ، هازىرقى قۇمۇل رايونى ئىچىدە ئىۋىرغول ۋىلايىتى تەسىس قىلغان . بۇ شىنجاڭ زېمىنى ئىچىدە ۋىلايەت ، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ ئىككىنچى قېتىم يولغا قويۇلۇشى بولۇپ ، 609 ـ يىلى ۋە 610 ـ يىلى ئورۇندالغان ، باشقا جايلارغا بولسا غەربىي دىيار چېرىكچىسى هۆكۈمرانلىق قىلغان .

تاڭ سۇلالىسى ( 618 ــ 907 ـ يىللىرى ) سۈي سۇلالىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان ، فېئوداللىق ئىقتىساد يۇكسەك دەرىجىدە ئاۋاتلاشقان قۇدرەتلىك خاندانلىق هېسابلىنىدۇ . تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا غەربىي دىيارغا يەنىلا غەربىي تۈرك خانلىقى هۆكۈمرانلىق قىلاتتى . كېيىن غەربىي تۈرك هۆكۈمرانلىرى ئۆز ئارا خانلىق ئورنىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى . غەربىي دىيارنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى خەلقلەر تىنچ تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى ، تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى قوشۇن ئەۋەتىپ غەربىي تۈرك خانلىقىغا هۇجۇم قىلىپ ، غەربىي دىيارنى بىرلىككە كەلتۈردى . تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى غەربىي دىياردا ئوخشاشمىغان ئىككى خىل هۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى : بىرى ، ۋىلايەت ، ناھىيە تۈزۈمى بولۇپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

رايونىدىكىگە ئوخشاش مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە، يېزا، تۇتۇن قۇردى. غەربىي دىياردا تەسىس قىلىنغان ئايماق، ناھىيىلەر: ئۆتۈرغول ئايمىقى، قومۇلدا تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئۆتۈرغول، لاپچۇق (ھازىرقى قومۇل ناھىيىسىدە)، رويۈەن (ھازىرقى قومۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۆيلىق يېزىسىدا) دىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە بولدى؛ قوجۇ ئايمىقى، ئىدىقۇتتا تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىدىقۇت، لياۋجۇڭ (ھازىرقى لۈك-چۈندە)، يارغول ھازىرقى يارغول قەدىمكى شەھىرىدە)، پىچان (ھازىرقى پىچاندا)، تەڭرىتاغ (ھازىرقى توقسۇندا) دىن ئىبارەت بەش ناھىيە بولدى؛ بېشبالىق ئايمىقى، بېشبالىقتا (ھازىرقى جىمساردا) تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئالتۇنبولاق (ھازىرقى جىمسارنىڭ پوچېڭزى دېگەن يېرىدە)، چاقپىلەكتام (ھازىرقى سانجى، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا)، باركۆل (ھازىرقى باركۆلدە)، خەيشى (ھازىرقى ساۋەننىڭ يەنىسخەي دېگەن يېرىدە) دىن ئىبارەت تۆت ناھىيە تەسىس قىلىندى، ئايماقتا ئايماق بېگى قويۇلۇپ، ئۇنى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە بىۋاسىتە تەيىنلىدى. ئۈچ ئايماقتىن باشقا، پىشامشامدا (ھازىرقى چاقىلىقتا) شىچېڭ قورغىنى، چەرچەندە بوشەن قورغىنى تەسىس قىلىنىپ، شاجۇ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يەنە بىرى، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى بولۇپ، غەربىي دىياردا ئەنشى (غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى) باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ كۇسەندە تۇردى؛ بېشبالىقتا بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. بۇ ئىككى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى ئىدارە قىلدى. باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدا نۇرغۇن تۇتۇق مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى ئاستىدا بىر نەچچىدىن ئايماق بولدى. ئۈچ ئايماق، ئىككى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ھازىرقى پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنى ئىدارە قىلىماندىن باشقا، سوڭلىڭ (پامىر) دىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شور دېڭىزنىڭ ئەتراپىغىچە يېتىپ بارغانىدى.

يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلاردىن باشقا، يەنە ھەربىي ئىشلار ئاپپارا-

تىمۇ بولدى . ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دائىرىسى ئىچىدە كۆسەن ، سۇلى ، ئۇدۇن ، سۇيئاپ ( ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بىشكېكنىڭ شەرقىدە ) قاتارلىق غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى تۆت مەشھۇر قورغان بولۇپ ، ئۇ يەرلەردە قوشۇن تۇراتتى . ئۇ « قورۇل » « ئارمىيە » دەپ ئاتىلاتتى . مەسىلەن ، سۇگلىك قورغىنىنىڭ قورۇلى ھازىرقى تاشقورغاندا ، جاگسەن قورغىنىنىڭ قورۇلى ھازىرقى ئۇششاقتالدا ، جاگباۋ قورغىنىنىڭ قورۇلى ھازىرقى سانجى ئەتراپىدا ، يىلى قورغىنىنىڭ قورۇلى ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە تۇراتتى ۋە باشقىلار .

بۇ دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن بىر چوڭ ئىش ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بولدى . ئۇيغۇرلار ئەسلىدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ، تاشقى موڭغۇل ۋە روسىيىدىكى بايقال كۆلى ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانىدى . ئۇ يەرلەردە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بولۇپ ، ئۇيغۇرلار شۇلاردىن بىرى ئىدى . تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاقتىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ سۇي ، تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان . 647 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى قۇردى ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى قۇتلۇق ئىلتەبىر تومىد مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن ، دەشتى ماكاننىڭ تۇتۇقى بولدى . ئۇيغۇرلار  ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنسى مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن . تاڭ سۇلالىسى خان ئوردىسىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ مەلىكە ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق بولغان . 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار جىگاسلار ( قىرغىز مىللىتىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ) تەرىپىدىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ، بىر قىسىم ئاما جەنۇبقا كۆچۈپ ، خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بارا ـ بارا قوشۇلۇپ كەتتى ؛ يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ ، ھازىرقى يۇگۇ مىللىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى .

تاڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن جۇڭگو يەنە بۆلۈنۈش دەۋرىگە قەدەم قويدى . غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى

قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇلار ھەممە-
دىن ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمانچە ئىسىم قوللىنىپ،
ئۇنىڭغا ئۆز نامى سۈپىتىدە «تاۋغاچ قاغان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قو-
ياتتى. مەسىلەن، «تاۋغاچ قاغان ئىبراھىم»، «تاۋغاچ قاغان مۇقامى»
ۋە باشقىلار «تاۋغاچ» دېگەن سۆز شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خان جەمە-
تىنى بارلىققا كەلتۈرگەن شيەنبىلىك «تاۋباسى» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چيۇچۇجى ئۇنى «تاۋغاچ» دەپ
تەرجىمە قىلغان. بۇ سۆزنىڭ خەنزۇلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى جۇڭگولۇق
ۋە چەت ئەللىك ئالىملار بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆزىنى «تاۋغاچ قاغان» دەپ ئاتىغانلىق «جۇڭگو قاغانى» دەپ ئاتىغان-
لىق بولاتتى. ئۇدۇنغا كۆچۈپ بارغان بىر قىسىم ئاھالە «لى سى
خاندانلىقى» نى قۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىپ،
ئىزچىل تۇردە خەنزۇچە يىلنامە قوللانغان. قاراخانىلار ئۇرۇش قىلىپ
ئۇدۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇدۇنلۇقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلغان. 1081 ـ يىلى ئۇدۇننىڭ باش سەركەردىسى سۇڭ سۇلالىسىغا
مەكتۇپ يوللاپ، سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279 ـ يىللار) نىڭ پادىشا-
ھىنى «شەرقتىكى كۈن چىقىدىغان جايدىكى چوڭ دۇنيانىڭ خوجىسى،
بىزنىڭ تاغىمىز» دەپ ئاتىغان. غەربكە كۆچۈپ تۇرپانغا كەلگەن بىر
قىسىم ئۇيغۇرلار «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
باش سەركەردىسى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا يازغان مەكتۇبىدە ئۇ-
زىنى «جوجۇدىكى نەۋرىڭىز ئارسلانخان» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن، ئۇلار سۇڭ سۇلا-
لىسىنىڭ پادىشاھى ئالدىدىمۇ ئۆزىنى نەۋرە دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنىڭ
مەركەزدىكى خان جەمەتى بىلەن قويۇق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى
بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

لياۋ سۇلالىسى (907 — 1125 ـ يىللىرى) نى قىتانلار قۇردى،
ئۇلار خەنزۇلارنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى قوللىنىپ، غەربىي دىيارنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىدا ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلدى. 1130 ـ يىلى خان

جەمەتىدىن يوللىغ تاشىن غەربكە كۆچۈپ غەربىي لياۋ ( قارا قىتان ) سۇلالىسىنى قۇردى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامۇ دەرياسى، شور دېڭىز ياقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ئەسىرگە يېقىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇردى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئېزىشىگە چىدىماي، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق « نائىپ بەگ » نى ئۆلتۈرۈپ، كۆچىيىۋاتقان موڭغۇللارغا بەيئەت قىلدى. موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى چىڭگىزخان 1206 ـ يىلى دۆلەت قۇرۇپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن غەربىي دىيارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1251 ـ يىلى موڭغۇللار بېشبالىقتا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلدى. شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم مەمۇرىي ئۆلكە تەسىس قىلىندى. 1271 ـ يىلىغا كەلگەندە، موڭغۇللار دۆلەت نامىنى يۈەن سۇلالىسى ( 1206 — 1388 ـ يىللار ) دەپ بېكىتتى. مىڭ سۇلالىسى ( 1368 — 1644 ـ يىللار ) يۈەن سۇلالىسىنى ھۇجۇم بىلەن يوقاتقاندىن كېيىن، غەربىي دىيار موڭغۇل چاتاغاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋەردى، ئۇ تارىختا « كېيىنكى چاغاتاي خانلىقى » دەپ ئاتالدى. قۇمۇل، تۇرپان، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار، ئۆز ئالدىغا مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى. ئالتاي تاغلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان غەربىي قىسىمدىكى موڭغۇللار ( ئويرات موڭغۇللىرى ) كۆچىيىپ تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلەپ، كېيىنكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تەدرىجىي ھالدا تيانشاننىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتتى. كېيىنكى چاغاتاي خانلىقى يەركەننى پايتەخت قىلىپ « يەكەن خانلىقى » نى قۇردى، ھاكىمىيەت يەنىلا ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا بولدى.

1644 ـ يىلى مانجۇلار شەرقىي شىمالدىن كىرىپ پۈتۈن مەملىكەتكە خوجايىن بولدى. چىڭ سۇلالىسى ( 1616 — 1911 ـ يىللار ) پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، غەربىي دىياردىكى ئويرات موڭغۇللىرى، يەركەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى

قوْموْل ، توْرپان ئايماقلىرى بىيجىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى . ئويرات موڭغۇللىرى تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى ، ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان جۇڭغارلار پەيدىنپەي كۈچىيىپ ، قالغان ئۈچ قىسمىنى تىزگىنلىدى ، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت ، پەرغانە ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارغىچە يەتتى . جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىنىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىر ئەتچى هۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى هوقۇق تالىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قەدەممۇ قەدەم شەرققە قاراپ تاجاۋۇز قىلىپ كېلىۋاتقان چار روسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تاشقى موڭغۇلىيىگە هۇجۇم قىلىپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەهلىكە سالدى . چىڭ هۆكۈمىتى ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى چيەنلۇڭ دەۋرىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈردى ؛ يەنە ئۇيغۇر بىر ئەتچى فېئودالالرنىڭ ئاق تاغلىق دىنىي هۆكۈمرانلارغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ خوجا جاهان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈردى .

1762 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈن مەهكىمىسى تەسىس قىلىپ « غەربىي دىيار ــ شىنجاڭ » غا هۆكۈمرانلىق قىلدى . ( مۆرتى كەلگەندە دېگەچ كېتەيلى : چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈننەن ، گۈيجۇ ، سىچۈەننىڭ قىسمەن رايونلىرى ۋە پۈتۈن غەربىي دىيار « شىنجاڭ » ( « يېڭى زېمىن » ــ ت ) دەپ ئاتالغان ، جياچىڭ پادىشاھتىن كېيىن « شىنجاڭ » دېگەن سۆز مەخسۇس غەربىي دىيارغا ئىشلىتىلىدىغان بولغان . ئۈرۈمچىدە تۇتۇڭ تەسىس قىلدى ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا خوشۇن ، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار بولدى . ئىلى ، تارباغاتايدا مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلدى ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا شەرقىي شىمال قاتارلىق جايلاردىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ چېگرا مۇداپىئەسىگە قويۇلغان شىبە ، سولۇن ، چاغار ، ئويراتتىن ئىبارەت

تۆت كۇرە ۋە مانجۇ قوشۇنى، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەندە (بىر مەھەل قەشقەردە، ئۇچتۇرپاندا) مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا خوتەن، يېڭىسار، قارا شەھەر قاتارلىق سەككىز شەھەردە لەشكەر بېشى ئامبال تەسىس قىلىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە قارىتا ئۆرپ - ئادىتىگە قاراپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ۋە ئىلىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەگ تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى؛ لېكىن ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىپ، بەگلىككە ۋارىسلىق قىلىشنى بىكار قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىدى، بەگلىككە تەيىنلەش ۋە ئۇنىڭدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى خان ئوردىسىدا بولدى. موڭغۇل مىللىتى ۋە قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ۋاڭ، بېزى، گۇڭ قاتارلىق مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىش داۋاملاشتۇرۇلدى. تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان شەنشىلىك، گەنسۇلۇق خەنزۇ، خۇيزۇلار ئارىسىدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان رايونلار ئۈرۈمچى تۇتۇڭىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولغاندىن باشقا، قالغان مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار، لەشكەر بېشى ئامباللىرى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنىلا باشقۇرۇپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرمايدىغان بولدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئىلگىرى جۇڭغارلار كۆچەيگەن چاغلاردا مەجبۇرىي ھالدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ غەرب تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن قازاق، قىرغىزلار ۋە ئۇزۇن يول يۈرۈپ روسىيىنىڭ ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغا كەتكەن موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىدىكى يايلاقلىرىغا قايتىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئايرىم ھالدا ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋاڭ، تەيجى، بېزى قاتارلىق مەنسەپلەرگە بەلگىلەپ ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا شىنجاڭغا كېلىپ سودا قىلىپ، بارا ــ بارا شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشتى. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك قۇرۇلمىسىغا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاساس سېلىندى.

چار روسىيە ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن ۋە قوقەنتلىك ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكتىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىك پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گۇاڭشۈيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى شەنشى ــ گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭنى ئەسكەر باشلاپ جىيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى. گۇاڭشۈيىنىڭ 10 ــ يىلى يەنى 1884 ــ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. چار روسىيە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى چوڭ زېمىننى ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، ئىلى رايونى ئىچكى رايوندىن چېگرا رايونغا ئۆزگەردى، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئىلىدىن شەرققە قاراپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. چار روسىيىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن 1919 ــ يىلى ئالتاي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مەمۇرىي رايونمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بېكىتىلدى.

2000 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو گاھ كۈچىيىپ، گاھ ئاجىزلاپ تۇردى. كۈچەيگەن چاغلاردا، پۈتۈن مەملىكەت بىر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى؛ ئاجىزلاشقان چاغلاردا، جۇڭگو ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇردى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ كۆپچىلىك يەنىلا ئۆزىنى جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ ھېسابلاپ كەلدى. تارىخ ئەنە شۇنداق بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس «دۆلەت ھەرگىز جەمئىيەتكە چەتتىن تېڭىپ قويۇلغان بىر خىل كۈچ ئەمەس» دېگەنىدى. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۇزاق مۇددەتلىك تا-

رىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئېنگېلسنىڭ سۆزى جۇڭگونىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىدا، شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋە بۇ رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا تولۇق ئىسپاتلاندى.

## ئىككىنچى بۆلۈم تارىختا بولۇپ ئۆتكەن شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش

غەربىي دىيار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ھەممىدىن ئاۋۋال تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تۈرلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن رىۋايەت خاتىرىسى تېپىدىكى تارىخىي كىتاب «تارىخنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا بارغاندا، پەرغانىدىن دۆلدۈل، بېدە، ئۈزۈم ئالغاچ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي دىيارنىڭ زىرائەتلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى ئۈزلۈكسىز ئىچكى جايلارغا تارقالغان، مەسىلەن، پۇرچاق، ياڭاق، تەرخەمەك، سامساق، سەۋزە قاتارلىقلار. يەنە مەسىلەن، تاۋۇز غەربىي دىياردىن تارقالغان، ئانار بۇخارا ۋە تاشكەنتتىن، پالەك ئىراندىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى جايلارغا تارقالغان. بۇ يېمەكلىكلەر ھازىرغىچە ھەممىباپ يېمەكلىكلەردىن بولۇپ كەلمەكتە. كېۋەز ئىچكى جايلارغا دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن تارقالغان بولۇپ، قۇرۇقلۇق يولى شىنجاڭدىن ئۆتكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كېۋەز تېرىلىشقا باشلىغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خېلى ئومۇملاشقان. پاختا، پاختا رەختلەر ئومۇملىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربىي دىيارغا قانداق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تارقالغانلىقى ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا ئېنىق خاتىرە كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىدىكى سۆزلەردە خۇاشېڭ، ياڭيۇ، چەيزە، بەيسەي، جۇسەي، چىڭسەي، لازا قاتارلىقلار خەنزۇ تىلى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ ھال بۇ زىرائەتلەرنىڭ ئىچكى

جايلاردىن تارقىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتى-
نىڭ بەك ئۇزۇن بولۇشى ناتايىن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پىلە قۇرتى بېقىش،
كالا بىلەن يەر ھەيدەش، قۇدۇق كولاش، مەتبەئەچىلىك، قەغەز
ياساش، تۆمۈر ئېرىتىش قاتارلىق تېخنىكىلار ئىچكى جايلاردىن غەربىي
دىيارغا، غەربىي دىياردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ياۋروپاغا تارقالغان، بۇ
ھەقتە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە
شۇنداق يەكۈن چىقارغان.

سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كەلسەك، تارىخ كىتابلىرىدا
خاتىرىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋا-
مىدا قېزىپ چىقىلغان مېتال پۇللار (خەن سۇلالىسىنىڭ پۇلى، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن تۇڭباۋ يارمىقى، قاراخانىلار پۇلى ۋە پېرسىيە
كۈمۈش پۇلى قاتارلىقلار) ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سودا ئىشلىرىنىڭ
راۋاجلانغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غەربىي دىياردىن چىقىد-
غان ئات ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە ھەربىي ئىشلار، ئۇرۇش
قىلىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئىدى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ چاي،
تاۋار - دۇردۇن، ساپال قاچا، دورا ماتېرىيالى، خۇش پۇراقلىق
ماتېرىياللار، مىس ئەينەك، سىر بۇيۇملىرى بولسا غەربىي دىياردىكى دۆ-
لەتلەر ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئىدى. چاي - ئات سودىسى، شايى - ئات
سودىسى تارىختا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن. خەن، تاڭ سۇلالىلىرىگە ئا-
ئىت يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن قېزىپ
چىقىلدى. بەزى كىمخاپ توقۇلمىلارغا خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن.
مەسىلەن، «益寿大宜子孙延年» (ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولغاي،
ئەۋلادلىرىڭىزغا بەرىكەت كەلتۈرگەيسىز» — ت)، «万事如意» (ئا-
لەمدىكى ئىشلار كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولغاي» — ت)
شۇنىڭدەك «阳» («قۇياش»)، «王» («خان» — ت) ۋە باش-
قىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈندە يىپەك يولىدىكى تارىخنىڭ
گۇۋاھچىسى بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىنىڭ

گۈزەللىكى ئەزەلدىنلا ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. غەربىي دىيارنىڭ مۇزىكىسى شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىچكى جايلارغا تارقالغان، جەنۇب ـ شىمال سۇلالىلىرىدىن ئۆتۈپ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە تازا گۈللەنگەن. غەربىي دىياردا ساۋ-بولومىن، ساۋسىگنو، ساۋمىياۋدا، ساۋجاۋيى شۇنىڭدەك سودىبو، بەي مىڭدا، بېيشىنو، كاڭ كونلۇن، يۈچىچىڭ قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكانتلار بولغان. ساۋ فامىلىلىكلەر كېبوتلۇق ( ھازىرقى سەمەرقەنتنىڭ غەربىي شىمالىدا )، كاڭ فامىلىلىكلەر سوغدىيانالىق ( ھازىرقى سەمەرقەنتتە )، يۈچى فامىلىلىكلەر ئۇدۇنلۇق، بېيى فامىلىلىكلەر سۇلىلىق، بەي فامىلىلىكلەر كۈسەنلىك ئىدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدە دۆلەت مۇزىكىسى بولغان بولۇپ، « توققۇز قىسىملىق مۇزىكا »، « ئون قىسىملىق مۇزىكا » دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە كۈسەن مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى، سوغدىيانا مۇزىكىسى، ئەنشى دۆلىتى مۇزىكىسى قاتارلىق مۇزىكىلار بولغان. غەربىي دىيار دۆلەتلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تارقىلىشى نەتىجىسىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇزىكىلىرىمۇ بىر ئاز « ئۇيغۇرلىشىپ » كەتكەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ غەربىي دىياردىكى « ئۇيغۇر قويۇن ئۇسسۇلى » ھەققىدىكى تەسۋىرى بايانلىرىدا قەدىمكى زاماندىكى غەربىي دىيار ئۇسسۇلىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تارقالغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولغانلىقىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار يېزىپ قالدۇرۇلغان. « ئۇيغۇر قويۇن ئۇسسۇلى » نى ئاياللار ئورۇندايتتى، تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنى كۆرۈشكە ئامراق بولغاچقا، ئوردىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى « قويۇندەك چۆگىلەشنى ئۆگەنگەن »، ھەتتا ساقاللىق ئەرلەرمۇ ئۇسسۇل ئوينايتتى.

رەسىمچىلىك سەنئىتى جەھەتتە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىياھنىڭ سۇس ـ قېنىق بولۇشىغا تايىنىپ رەسىمنى ستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدىغان قىلىش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلگەن، ئۇنى ئۇدۇنلۇق يۈچى باجىنا ۋە يۈچى يىسىڭ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تونۇشتۇرۇپ، بىر

ئەۋلاد يېڭى رەسىم ئۇسلۇبىنى ياراتقان .
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ غەربىي دىيارغا مەدەنىيەت جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەر كۆپ ئەمەس ، مەلىكىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقى ئارقىلىق غەربىي دىياردا ئىچكى جايلاردىكى ئۇردا بىنالىرى تەقلىد قىلىپ ياسالغان . تۇرپاندىن قېزىلغان تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان جوۋاۋا شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ئادەتلىرى غەربىي دىياردا تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى شىگىلى ، جوزا ، مەنتۇ ، گويۇرۇ ، چاي دېگەندەك سۆزلەر خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، ئائىلە ۋە يېمەكلىكلەر مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا تارقالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن غەربىي دىيار ئوتتۇرىسىدىكى خادىملارنىڭ بېرىش - كېلىشى دۆلەت بىرلىككە كەلگەن چاغلاردا ئىنتايىن راۋاجلانغان . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر چېڭ سەن 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېشبالىق باش تۇتۇق مەھكىمىسىدە ئۈچ يىل ئەمەلدار بولۇپ ، غەربىي دىيارنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان . سۇلىلىق بىي فىن شەنشى ، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش بىلەن داڭق چىقارغان . سۇلىلىق راھىب بىي خۇيلىن خەنزۇچىنى ۋە ھىندى سانسكرىت يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى ، « نوملار شەرھى » دېگەن كىتابنى يازغان ، ئۇنىڭدا خەنزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى ۋە بۇددا دىنىغا دائىر ئەسەرلەر رەتلەپ ۋە ئىزاھلاپ چىقىلغان بولۇپ ، تىل ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، نەرسە - كېرەكلەر ، خەلق ئەھۋالى ، ئۆرپ - ئادەتكە دائىر مول مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن ، ئۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى ، غەربىي دىياردىن بولغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەمەلدارلىققا ئەۋەتىلگەن ، ئۇلار ھەربىي ، سىياسەت ، مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە تۆھپە قوشقان . گۇ

ىن يۇنشى يەنى كىچىك يۇنشى قايا خەنزۇچە يېزىقنى پىششىق بىلەتتى، ناخشا ـ مۇزىكىغا ماھىر ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا تەسىرى بار ئەدىب ئىدى. ليەن شىشەن كۆڭزى تەلىماتىنى پىششىق بىلگەچكە، ليەن مېڭزى دېگەن لەقىمى بولۇپ، مودەيچى، ئوك قول ۋەزىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ نەۋرىسى ليەن خۇيشەن قايا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نى تۈزگۈچى ئەمەلدارلار ئىچىدە باشلامچى ئورۇندا تۇراتتى، ئۇ «جىن سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نى تەييارلاشقىمۇ قاتناشقان. ئارغۇن سالى بۇددا تەلىماتىنى پىششىق بىلەتتى. شىڭ شىمىڭ خەتتات ئىدى. بيەن لۇ رەسسام ئىدى. لۇمىڭشيەن يازغان «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن يېزىپ چىقىلغان دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا دائىر كىتاب بولۇپ، يېزا ئىگىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، ئۇيغۇرلاردىن تاتاتوڭاغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەڭ دەسلەپكى موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان؛ كېيىن ئۇنى مانجۇلار ئۆزگەرتىپ مانجۇ يېزىقى قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىيارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ئىچكى جايلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت ئىچكى جايلاردا تۇرۇپ، ئىككى خىل مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئىلىم ـ بىلىم جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى.

مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن فېئودال خاندانلىق ئىدى. چيەنلۇڭ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. بۇ ۋاڭ غوجىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل بەنزىسى ۋە مۇزىكا ئەترىتى بولۇپ، ھېيت ـ بايراملاردا ئوردىدا ئويۇن قويۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدا تۈزۈلگەن چوڭ تېپلىق لۇغەت ــ «بەش تىللىق لۇغەت» مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا تۈرگە ئايرىپ تۈزۈپ چىقىلغان، ئۇنى تۈزۈشكە ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان.

بۇ قۇدرەتلىك ۋە چوڭ بىرلىككە كەلگەن خاندانلىقلار ئارىلىقىدا لياۋ، سۇڭ، مىڭ قاتارلىق ئانچە روناق تاپمىغان ۋە ئانچە بىرلىككە

كەلمىگەن خاندانلىقلارمۇ بولغان. غەربىي دىياردىكى بەزى كىچىك خاندانلىقلارنىڭ ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرى بىلەن ئالاقىسى كۆپرەك بولغان. ئىسلام دىنى غەربىي دىيارغا تارقالغاندىن كېيىن ئورنىتىلغان، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان قاراخانىلار خاندانلىقى ئۈچ ئەسىر داۋام قىلدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە داڭلىق داستان «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلدى، قەشقەرلىك مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ چىقتى، بۇ ئىككى داڭلىق ئەسەر نۇرغۇن يېزىقلاردا تەرجىمە قىلىندى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىندى.

بۇنىڭدىن 800 يىل ئىلگىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «جۇڭگو» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتنى ئوقۇپ بېقىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ بىرىنچى، يۇقىرى چىن بۇيەر شەرقتە بولۇپ، «تاۋغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر <تاۋغاچ>، <ماچىن> دەپ، <خىتاي> <چىن> دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ.» ئاپتور قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، تۈركىي تىللارنى ئەرەب يېزىقىدا ئىزاھلىغان، بۇنىڭدا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قۇرۇلغان قاراخانىلار خاندانلىقى، قىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسى، خەنزۇلار قۇرغان سۇڭ سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى دېگەننى جاكارلىماقچى بولسا كېرەك. چىن — جۇڭگو دېمەكتۇر. ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىزچىل تۈردە جۇڭگونى «秦 (cin)» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە، غەرب ئەللىرى تىللىرىدىكى china,chine دېگەن سۆزلەرمۇ cin دېگەن سۆزدىن كەلگەن. قىتان بىلەن چىن (جۇڭگو) نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشقا كەلسەك، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر ھېلىھەم جۇڭگونى «契丹 (kitay)» دەپ ئاتاپ

كەلمەكتە .

دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ، تارىخ تەرەپىدىن ئىسپاتلىنىپلا قالماستىن ، بەلكى ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان سىياسەتچىلەر ، مۇتەپەككۇرلار ، ئەدىبلارنىڭ ھەر خىل ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە تىلىدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ، بۇ ئەڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت .

### ئۈچىنچى بۆلۈم شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرلىككە كېلىش بىلەن بۆلۈنۈش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، جۇڭگودىكى فېئودالىق جەمئىيەت چېكىگە يەتتى . ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈر ، مۇرەككەپ بولدى ، ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ ، دۆلەت كۈچى زەئىپلەشتى . يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر چەت ئەلدىن بازار تېپىش ئۈچۈن ئەپيۇنغا ۋە كۈچلۈك پاراخوت ، زەمبىرەكلەرگە تايىنىپ جۇڭگونىڭ دۆلەت دەرۋازىسىنى ئاچتى . ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇپ دۆلەتكە نومۇس كەلتۈرىدىغان بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنىڭ ئىمزالىنىشى نەتىجىسىدە جۇڭگو جەمئىيىتى قەدەممۇ قەدەم ھالدا يېرىم مۇستەملىكە ، يېرىم فېئودالىق جەمئىيەتكە ئايلاندى . يەر كېسىپ بېرىشنىلا ئالساق ، شىمال تەرەپتىكى كۈچلۈك دۆلەت بولغان روسىيە شەرقىي شىمالدىكى چېگرا رايوندىن 1 مىليون كۋادرات كىلو مېتىردىن ئاتۇق ، غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايوندىن 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىمىزنى كېسىپ ئىشغال قىلىۋالدى .

شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، بۇرۇندىن تارتىپلا چار روسىيىنىڭ قوراللىق ۋە قورالسىز تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ كەلدى ، ھەتتا چىڭ سۇلالىسىگە قارام بولۇپ كەلگەن جايلاردىن بىرى بولغان قوقەنتىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى . چىرىپ كەتكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل

تۇرالمىغانلىقتىن، ئائىلىنى ۋە دۆلەتنى قوغداش ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنگە قارىتا يا قارشىلىق كۆرسىتىش، يا تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاشلا بار ئىدى. دۈشمەن مىللەت تەركىپى، تىل-يېزىق ئايرىمىسى، دىنىي ئېتىقاد دېگەنلەرگە قارىماستىن ئۆزلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىغا ئالدى. 1865-يىلى قوقەنتلىك ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپ بەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، بۇ قوقەنتنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ياۋۇز، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى تاجاۋۇزى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار فېئوداللىزمغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتاتتى، ئەمما ھەر قايسى قوراللىق كۈچلەر مىللىي دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر-بىرىدىن ھوقۇق تالىشىۋاتاتتى. ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە، تۈركىيە ۋە روسىيىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىر-بىرلەپ يوقىتىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، تۇرپان ئويمانلىقىنى، ئۈرۈمچى ۋە ماناس قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. چار روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىشىدىن پايدىلىنىپ، نەچچە مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

ياقۇپ بەگنىڭ ۋە چار روسىيىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەشنىڭ كەسكىنلىكى، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا يېزىپ قالدۇرۇلدى. دەل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىي ۋە خەلقنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، تاجاۋۇزچىلارنى ئاخىرى جۇڭگو خەلقى چېگرىدىن ھەيدەپ

چىقاردى.

كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلغان قارا نىيىتى تېخىمۇ زورايدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىنى پارچە ـ پارچە كېسىۋېلىشقا رازى بولماي، تاجاۋۇزچىلىق نىشانىنى جۇڭگونىڭ پۈتۈن چېگرا رايونىغا توغرىلىدى: شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، تاشقى موڭغۇلىيە، شىنجاڭ، شىزاڭدىن تارتىپ تەيۋەنگە بولغان رايونلار ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىشانى قىلىندى، چار روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنى باستۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئەكسىيەتچى ۋاڭ ـ گۇڭلار ۋە راھىبلارنى بۆلگۈنچىلىك بىلەن ھەدەپ شۇغۇللىنىشقا قۇتراتتى. دېمەك، 20 ـ ئەسىردىكى جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى بىر ئالاھىدىلىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قۇترىتىشتىن ئىبارەت بولدى. جاھانگىرلار شىنجاڭدىمۇ پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزمنى تەرغىب قىلىپ، شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» ئەزەلدىنلا «مۇستەقىل» ئىدى، چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندىلا «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان دەپ جۆيلۈپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىش خام خىيالىدا بولدى.

جاھانگىرلار شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىشتا ئەكسىيەتچىل پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم ئىدىيىلىرىدىن پايدىلاندى. بۇ ئىدىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىدە ئەۋج ئالغان. ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ بارغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يەرلىك ئاھالىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئۆزلۈكسىز تۈردە قۇراللىق كۈچ بىلەن كېڭىيىشى ئارقىلىق قۇرۇلغان چوڭ ئىمپېرىيە. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى ياۋروپا جاھانگىرلىكىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى زېمىنىدىن ھەم مۇستەملىكىلىرىدىن ئايرىلىپ، غەربىي ئاسىيادىكى ئۆز زېمىنى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ بىر بۆرجىكىدىلا قېپقالدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى

بىر خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىپ ئۇنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغان ۋەزىيىتىگە يۈلەنچۈك بولۇشىغا مۇھتاج ئىدى. پان ئىسلامىزم پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى «سۇلتانى»، قوشۇمچە «خەلىپىسى» ھۆكۈمرانلىقىدىكى چوڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. پان تۈركىزم بولسا ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىنى مەركەز قىلغان، بارلىق تۈرك تىللىق ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ تۈرك دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ ئەسەبىيلەشكەن پىكىر ئېقىملىرى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيە ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئارقىلىق ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى ھالاك بولدى. 1923 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى.

پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىملىرى ئۆزىگە خاس كېڭەيمىچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭدىن جاھانگىرلىك پايدىلاندى، ئۇ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئىدىيىۋى قورالىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن ھەممىدىن ئاۋۋال چار روسىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىدە مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتىن قۇتراتقۇچىلىق قىلىشتا پايدىلىنىپ، ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تاقابىل تۇردى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، نېمىسلار شىنجاڭدا بۇ ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ۋە سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، سېبىق نامى پۈر كەتكەن مەسئۇد سابىرغا ئوخشاش بىر تۈركۈم گوماشتىلىرىنى يېتىشتۈردى. ئەنگلىيە قاتارلىق باشقا دۆلەتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا، ئېسا بەگ (ئەيسا يۈسۈپ ئارپوتكىن) قاتارلىقلارنى يېتىشتۈردى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن بىر مەھەل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدا «مۇستەقىللىك نەزەرىيىسى» نى ھەدەپ تەرغىب قىلدى، ئۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە، شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» ياكى «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ دەۋا قىلدى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار جايلاشقان، شىمالىي شىنجاڭدا بولسا موڭغۇللار ئاساس قىلىنغان. تارىختا «غەربىي دىيار» ۋە «شىنجاڭ» دېگەن سۆزلەردىن باشقا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى يىغىنچاقلىيالايدىغان باشقا يەر نامى بولۇپ باقمىغان. ئۇيغۇرلار جەنۇبىي شىنجاڭنى «موغۇلىستان» دەپ ئاتىغان چاغلار بولغان، ئەمما ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان دەۋر ئىدى؛ كېيىن «ئالتە شەھەر» دەپ ئاتالغان، ئۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتەتتى ھەم چىيەنلۇڭ شىنجاڭنى «غەربىي دىيار — شىنجاڭ» دەپ ئاتاشتىن نەچچە ئون يىل بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. شىمالىي شىنجاڭدا رايون خاراكتېرلىك نام بولمىغان. چەت ئەللىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭنى «كىچىك بۇخارا» ياكى «قەشقەرىيە» دەپ، شىمالىي شىنجاڭنى «جۇڭغارىيە» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ۋاقتى كېيىن بولغان ئىش، ھېچبولمىغاندا «شىنجاڭ» دېگەن نامدىن كېيىن بولغان ئىش.

«تۈركىستان» دېگەن نام ئەسلىدە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرىغا چىققان يەر نامى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەريا ئوتتۇرىسىدىكى «ماۋرا ئۇننەھر» دەپ ئاتالغان يەرنى كۆرسىتەتتى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى سىر دەريانىڭ بويىدا بىر كىچىك شەھەر بولۇپ «تۈركىستان» دەپ ئاتالغان، ئۇ يەر تارىختا قازاق خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. كېيىن «تۈركىستان» دېگەن سۆز تەدرىجىي ھالدا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كۆرسىتىدىغان بولغان، «غەربىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ناملارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. «غەربىي تۈركىستان» دېگەن سۆز «روسىيە تۈركىستانى» دەپمۇ قوللىنىلغان. پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى، روسىيىلىك چىمكوۋسكى 1820 ـ يىلى «جۇڭگو تۈركىستانى» دېگەن سۆزنى ئىجاد قىلغان. «جۇڭگو تۈركىستانى» دېگەن سۆز بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆز بىر ئۇقۇم بولۇپ، باشقا

مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ.

جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ بۇ يەر نامىلىرىدىن جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش بايرىقى سۈپىتىدە پايدىلانغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئۇنى تىلتۇمار قىلىۋېلىپ يەر نامىغا بۆلگۈنچىلىك ئاساسىدىكى سىياسىي مەنە بەرگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. 1933 ـ يىلى ئەنگلىيىلىكلەر نىڭ پىلانلىشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا سابىت داموللا قەشقەردە ئويدۇرۇپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قوراللىق توپىلىڭى شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى مىللىي بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى ھېسابلىنىدۇ. بۆلگۈنچىلىك كىشىلەر كۆڭلىگە ياقماي، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتلا مەۋجۇت بولۇپ، چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ، ئۆزلۈل ـ كېسىل ھالاك بولدى. سابىت داموللا قولغا ئېلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قالغان بەزى ئادەملەر چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ، ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، كېيىن جۇڭگۇچىڭغا قايتىپ كېلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى دۇمباقچىلاردىن بولدى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەپ، شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇردى.

1944 ـ يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ بىر مەھەل «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان، بۇ ھال ئۇنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ناپاك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېلىخان تۆرە ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغۇلغان ئۆزبېك بولۇپ، پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغانلىقتىن، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى قولغا ئالغان، كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەندە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، غۇلجىغا بېرىپ دىنىي كەسىپ بىلەن جان باققان. ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز

مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دىنىي قۇتراتقۇچىلىق قىلىشقا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىسى، گېنېرالى بولغان؛ ئاخىرىدا يەنىلا پان ئىسلامىزم ئىدىيىسى يامان خاراكتېرلىك كۆپەيگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەخپىي ھالدا ئۆز دۆلىتىگە يالاپ ئېلىپ كەتكەن. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىقلار ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ نامى ئىلى ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىپ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر قاتار خاتالىقلار تۈزىتىلدى؛ ئۇزۇن ئۆتمەي «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بايراق ئىرغىتىپ تاشلاندى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىنقىلابنى توغرا يولدا ماڭدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى كۆتۈۋېلىندى.

# ئىككىنچى باب

## جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىرلەشسە بولىدۇكى، بۆلۈنسە بولمايدۇ

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا دائىر بىر نەچچە
تۈرلۈك ئاساسىي تۈزۈم ئۈستىدە توختالغان چاغدا مۇنداق دەپ كۆرسەت
كەن: «مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا جۇڭگودا قوللىنىلغىنى مىللىي
جۇمھۇرىيەت ئاساسىدىكى فېدېراتسىيە تۈزۈمى بولماستىن، بەلكى مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى. بىزنىڭچە بۇ تۈزۈم بىر قەدەر
ياخشى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەل
نەرسىلىرىمىز بار، بۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى
بۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ.»
مىللىي مەسىلە — كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى
زەئىپلىشىشىگە، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى ھالاك بولۇشى
مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك
چوڭ دۆلەت، پارتىيىمىز جۇڭگودىكى ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇ
ۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رەھبەرلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگودىك
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىمۇ خەلقى ئالەمگە ئايان زور مۇۋەپپەقىيە
لەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى
جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، توغرا لۇ
يەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە ئىجرا قىلىپ
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلك
ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ماھىرلىق بىلەن يېتەكچى قىلىپ
دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مىللىي سىياسەتنى ئىجاد
ھالدا تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللى

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

## بىرىنچى بۆلۈم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى ئاساسى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. بىز دەۋاتقان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلىرىنىڭ باپباراۋەر بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تەتبىق قىلىپ تۇرۇپ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىر تەرەپتىن، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقى شۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئىشلىرىغا خوجايىن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى بولۇپ، دۆلەت بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدە، ھەم ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇلىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇساپىسى داۋامىدا، پارتىيىمىزنىڭ ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدى ھەمدە ئۇنى بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ سىياسىتى، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ بىر خىل تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ۋە تۈپ ھاكىمىيەت شەكلى قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھەل قىلدى. بۇ ئېلىمىز تارىخىدىكى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدىكى بىر ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

(1) ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتىگە، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللىي مەسىلە، پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدە، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى. مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدىلا ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، پرولېتارىيات ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ماركسىزم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى مىل-

لەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئوخشاشمىغان ھەر قايسى مىللەتلەر-نىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى قۇرغىلى بولىدىغانلا بولسا، ماركسىزمچىلار ھەر قانداق فېدېراتسىيە تۈزۈمى پرىنسىپىنى يولغا قويۇشنى ھەرگىز تەشەببۇس قىلمايدۇ، ھەر قانداق ھوقۇق بۆلۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايدۇ. ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارقاق ھالەتتىن كەلگۈسى-دىكى دۇنيا بويىچە بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىزمغا قاراپ مېڭىشتىكى غايەت زور تارىخىي قەدەم ھېسابلىنىدۇ.» يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىز سوتسىيال - دېموكراتلار ھەر خىل مىللەتچىلىكنىڭ دۈشمىنى، دې-موكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ھىمايىچىلىرى. بىز بۆلۈنۈپ تۇرۇشقا قارشى تۇرىمىز. چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، باشقا شەرت - شارائىتلار ئوخ-شاش بولغان ئەھۋالدا كىچىك دۆلەتنىڭكىگە قارىغاندا چوڭ دۆلەتتە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ.» ستالىنمۇ مۇنداق دېگەن: «بىز چوڭ دۆلەتنى بۆلۈپ كىچىك دۆلەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز، چۈنكى ئۆز - ئۆزىدىن چۈشىنىشلىككى، كىچىك دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭ دۆلەت قىلىش سوتسىيالىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى.» دېمەك، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن چوڭ دۆلەت قۇرۇش ماركسىزمنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بىر مۇھىم پرىنسىپى.

ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتتە ھەم دۆلەتنىڭ مەركەزلەشكەن بىرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئورنىغا ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ قارىشىچە، ئەڭ ياخشى چارە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا يول

قويۇشتىن ئىبارەت. لېنىن مۇنداق دېگەن: «دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يەرلىك ئاپتونومىيىنى شۇنىڭدەك ئالاھىدە ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش شەرت شارائىتىغا، مىللىي تەركىبلەرگە ۋە باشقىلارغا ئىگە بولغان تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى چەتكە قاقمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئۇ ھەم يەرلىك ئاپتونومىيىنى تەلەپ قىلىشى، ھەم تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى تەلەپ قىلىنىشى لازىم.» يەنە مۇنداق دېگەن: تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە «مۇرەككەپ مىللىي تەركىبكە ۋە ئىنتايىن ئوخشىمايدىغان جۇغراپىيىۋى شارائىت قاتارلىق شەرت ـ شارائىتقا ئىگە بولغان دېموكراتىك دۆلەتلەردە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» ھېسابلىنىدۇ. لېنىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «مۇكەممەل، بىرلىككە كەلگەن مىللىي تەركىبكە ئىگە ئاپتونوم ئوبلاستلارنى قۇرۇش، گەرچە ئۇ ئەڭ كىچىك ئاپتونوم ئوبلاست بولسىمۇ، ھەر قانداق مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە...» مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا ھەم مىللەت، تېررىتورىيە ئامىلىنى نەزەردە تۇتۇش، ھەم ئىقتىسادىي ئامىلنى نەزەردە تۇتۇش، مەۋقەنى مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئاۋاتلىششىغا قويۇش لازىم. ستالىن لېنىننىڭ ئىدىيىسىنى ئىلگىرىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەلىللىگەن، ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنىڭدىكى، بۇنداق ئاپتونومىيە تېررىتورىيىسىز مۇئەللەق راۋاق ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن تېررىتورىيىدە ياشاۋاتقان مۇئەييەن ئاھالە ئاساسىدا يولغا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا... مىللىي قورغانلارنى مۇستەھكەملىمەيدۇ، ئەكسىچە، كىشىلەرنى باشقا ئۇسۇلدا ئايرىشقا، يەنى سىنىپ بويىچە ئايرىشقا يول ئېچىش ئۈچۈن، بۇنداق قورغانلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ ۋە ئاھالىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئاخىرىدا،... شۇ رايوننىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي بايلىقلاردىن ئەڭ مۇۋاپىق ھالدا پايدىلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.» دېمەك، مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتتىكى پرولېتارىياتنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەل ماركسىزم – لېنىنىزمنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي شەرت – شارائىتىغا ۋە رېئال ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ سىياستى قىلىشنى قارار قىلغان.

(2) دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تولۇق تارىخىي شەرت – شارائىتقا ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە.

جۇڭگودا چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت شەكىللەنگەن، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بۆلۈنۈش – قوشۇلۇش ۋە مالىمانچىلىقلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كېلىش باشتىن – ئاخىر ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن. ھەر قايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە بۇرۇنلا قويۇق ئالاقە باغلاپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر قويۇق باردى – كەلدى قىلىپ، بىر – بىرىگە چىڭ باغلىنىپ، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر – بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئەھۋالنى شەكىللەندۈرگەن. بىر چوڭ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىچىدە، كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن باشقا مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان، بىر مىللەتنىڭ بولسا يەنە باشقا جايدا چوڭ – كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان بىر نەچچە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى بولىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋال، روشەنكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش ئارزۇسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوخشاشمىغان تۈرلەردىكى ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشتا باپ كېلىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، يېرىم مۇستەملىكىلىك، يېرىم فېئوداللىق ھالەتتىكى جۇڭگو جاھانگىرلار بۆلۈشۈۋالىدىغان، تالىشىدىغان

ئوبيېكتقا ئايلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى مىللىي ئازادلىق ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەش قىلىپ، مىللىي ئازادلىق كۈرىشى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر «بىرلەشسە بولىدۇكى، بۆلۈنسە بولمايدۇ.» ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىسى ئىچىدە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى؛ يېقىنقى زاماندىكى ئىنقىلابىي كۈرەشلەر بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشى يەنە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىسى ئىچىدە ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ئاساس ئورنىتىپ بەردى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق بىرلىشىشكىلا بولىدىغان، بۆلۈنۈشكە بولمايدىغان قويۇق مۇناسىۋەت ئېلىمىز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتى. پارتىيىمىز دەل ئېلىمىز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ تۈپ مەنپەئىتىگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ سىياسىتى قىلىشنى قارار قىلغان. دېمەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ھەقىقەتەن بىردىنبىر توغرا تاللاش.

### ئىككىنچى بۆلۈم مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئۇلۇغ ئىجادىيەت

دۇنيا ئەللىرىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىش ئۇسۇلى

بولۇپ چىقىش تۈزۈمى، فېدېراتسىيە تۈزۈمى ۋە ئاپتونومىيە تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملىكىتىمىزدىلا يولغا قويۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىپ تۇرۇپ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلدى — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. روشەنكى، بۇ بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت. جۇڭگو 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. دۆلىتىمىزدەك كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، سىنىپىي ئېزىش ۋە مىللىي ئېزىش تۈزۈمى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە رېئال شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن، دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. بۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئورنىغا ۋە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاشقا مۇناسىۋەتلىك تۈپ مەسىلە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دۆلەت تەلىماتىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ «چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش» تەك تارقىلىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى قىلدى. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىسى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە شەكلىنى يولغا قويۇشلا باپ كېلىدىغانلىقىنى، باشقا شەكلىنى يولغا قويۇش باپ كەلمەيدىغانلىقىنى قەدەممۇ قەدەم ئايدىڭلاشتۇردى.

يېڭى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەييارلىق يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، دۆلىتىمىزدە فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھېسابلىغان. ئىككى دۆلەتنىڭ ئەھۋالى قايسى جەھەتتە ئوخشىمايدۇ؟ يولداش جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تارىخىي تەرەققىيات تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر چوڭ ئائىلىمىزدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن باشقىچە شەكىل قوللىنىشقا توغرا كەلدى. ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى بولىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ چارىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە چارىسىنى قوللىنىش بىزگە تامامەن باپ كېلىدۇ.» «بىز جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئىنقىلاب تەرەققىياتىغا ئاساسەن، مىللىي جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوللانماي، ئەڭ مۇۋاپىق بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياستىنى قوللاندۇق.» «بىز ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئومۇمىي پرىنسىپىغا ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياستىنى قوللاندۇق. بىز مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىنى تەكىتلىمەيمىز، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىمۇ قوللانمىدۇق. بىزنىڭ بۇنداق سىياسەتنى قوللىنىپ، بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۆلۈنۈشنى تەشەببۇس قىلماسلىقىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەھۋالىغا

ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ . » « ئېلىمىزدە نېمىشقا مىللىي ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولىغا قويۇلماي ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلىدۇ ؟ ئاپتونومىيە شەكلى مەملىكىتىمىزدە ئاپتونوم رايون ، ئاپتونوم ئوبلاست ، ئاپتونوم ناھىيە دەپ ئاتىلىدۇ . مىللىي يېزا دەپمۇ ئاتىلىدۇ ؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ، ئاپتونوم ئۆلكە ، مىللىي ئوبلاست دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ نام جەھەتتىكىلا پەرق ئەمەس ، تۈزۈمنىڭ ئۆزىدىمۇ بەزى پەرقلەر بار . . . بۇ پەرقلەر ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولغان ، قىسمەن ھالدا جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىنمۇ پەيدا بولغان . »

دېمەك ، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئەينى ۋاقىتتىكى روسىيىنىڭكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال شەرت ـ شارائىتىغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان ئۇسۇل ۋە شەكىل قوللاندى ، بۇنداق قىلىشنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بەلگىلىگەن . كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا :

بىرىنچى ، ئېلىمىز تارىختا چىڭ ، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان كۆپ مىللەتلىك ، بىرلىككە كەلگەن ، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ كەلگەن ، روسىيىنىڭ بولسا بىرلىككە كەلگەن ، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئودالىق دۆلەت بولۇش تارىخى مەملىكىتىمىزنىڭكىدىن ناھايىتى قىسقا بولۇپ ، 15 — 16 ـ ئەسىرلەردىن كېيىنلا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن . روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋاقتىدا ، نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئەمەلىيەتتە باشقا ـ باشقا دۆلەت سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ تۇراتتى ، بۇ دۆلەتلەرنى سوۋېت تەشكىلاتى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىپاقداش تۈزۈمى قوللىنىلغان . مەملىكىتىمىزدە بولسا ، ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىكتە ئىنقىلاب قىلدى ، باراۋەرلىك ئاساسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ ئائىلىسى بولغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىكتە قۇردى .

ئىككىنچى، روسىيە ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى جاھانگىر دۆلەت ئىدى. « شۇ چاغلاردا روسىيە ئەتراپىدىكى بەزى مىللەتلەرگە چار پادىشاھىنىڭ رۇس ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاساسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئىدى. » بۇنداق مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىش، پادىشاھنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىللىق، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لېنىن: ھەر قايسى مىللەتلەر بۆلۈنۈپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە. يەنى ئۇلار مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولسىمۇ، روسىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرسىمۇ بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا، ئىلگىرىكى جاھانگىرلىك ئاساسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتنى بىكار قىلغىلى بولاتتى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى يېڭى سوتسىيالىستىك دۆلەت ئاندىن پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت ئەھۋال روسىيە پرولېتارلىرىدىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەملىكىتىمىز بولسا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەت ئىدى، گەرچە مەملىكەت ئىچىدە مىللىي ئېزىش تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى ئېزىلگۈچىلەر ئىدى. خۇددى يولداش جۇ ئېنلەي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: « كونا جۇڭگو ئەمگەكچى خەلقنى ئەزگەن، قېرىنداش مىللەتلەرنى ئەزگەن، شىمالىي مىللىتارىستلىرىنىڭ، كېيىنچە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل جۇڭگو جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان، يېرىم مۇستەملىككە، قىسمەن جايلىرى مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن مەملىكەت ئىدى. بىز ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئازاد بولدۇق. » مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى ۋە كۈرەش نىشانى، دۆلەتنى مۇستەقىل، مىللەتنى ئازاد

قىلىشىنىڭ ئاچقۇچلۇق شەرتى ئىدى .

ئۈچىنچى ، روسىيىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى زور ئىدى . ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ، 50 پىرسەنتنى ئىگىلەيتتى ، يەنە كېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ، ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى بىر قەدەر زىچ ۋە نوقۇل ئىدى . مەملىكىتىمىزدە بولسا ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 6 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ . لېنىن ساپ مىللىي تەرتىپكە ئىگە دۆلەت دەپ ئاتىغان ئىسپانىيە ، دانىيە ، گېرمانىيىلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىسبىتىدىنمۇ كىچىك . مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ياكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان . مەسىلەن ، مەملىكىتىمىزدىكى بىر نەچچە ئاپتونوم رايوندا خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ ( ئىچكى موڭغۇل ، گۇاڭشى ، نىڭشىيا كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) ، 29 ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ 15 دە خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ سانى ياكى يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ ، 55 ئاپتونوم ناھىيىنىڭ 24 دە خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ سانى ياكى يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ .

تۆتىنچى ، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىمۇ روسىيىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ . روسىيە ئۆكتەبر ئىنقىلابى شەھەرلەردىن يېزىلارغا ، ئوتتۇرا قىسىمدىكى رايونلاردىن چېگرا رايونلارغا قاراپ تەرەققىي قىلغان ، ئىنقىلاب ئاۋۋال مەركىزىي شەھەرلەردە غەلىبە قازىنىپ ، ئاندىن يېزىلارغا ۋە چېگرا رايونلارغا كېڭەيگەن . چېگرا رايونلاردىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئوتتۇرا قىسىمدىكى رايونلاردىكى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمەتلىرىگە ئوخشاش سوتسىيالىزمغا قارشى تۇراتتى ، شۇڭا ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن روسىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خەلقئارادىكى جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئىشچى ـ دېھقانلار سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتىگە ۋە ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغانلىقنى جاكارلىغانىدى . ئۈچ

يىلـلىق ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق ، قىزىل ئارمىيە ھەر مىللەت ئەمگەكچى
خەلقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، جاھانگىرلىك ، ئاقلار قوشۇنى ۋە چېگرا
رايونلاردىكى بۇرژۇئازىيە مىللىي ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە
ئەكسىلئىنقىلابىي ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى
قۇرۇپ ، بۇ تارقاق دۆلەتلەرنى فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئارقىلىق يىغىپ باشتىن
بىرلىككە كەلتۈردى . لېكىن جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ئىنتايىن زەئىپ
ئىدى . ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كاپىتالىزم تەركىبى ناھايىتى ئاز ياكى
كاپىتالىستىك ئىقتىساد پەقەت يوق ئىدى . جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى
مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىنى ئاللىقاچان
يوقىتىپ قويغانىدى . جۇڭگونىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلىبە قازاندى . شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا ، جۇڭگو ئىنقىلابى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە قاراپ راۋاجلاندى .
ئۇزاق مۇددەتلىك يېزا ئىنقىلابى كۈرىشى داۋامىدا ، پارتىيە رەھبەرلىك-
دىكى ئىشچىلار سىنىپى دېھقانلار ، نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت
خەلقلىرى ( ئاساسلىقى دېھقانلار ) بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاق ئورناتتى ؛
جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى
( ئايرىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا ) بۇرۇنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ،
جۇڭگودىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ھەر قايسى مىل-
لەتلەر رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىشچىلار سىنىپى
رەھبەرلىكىدىكى ، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق
دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ، ھەر قايسى
مىللەتلەرنىڭ مىسلىسىز بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى .
دېمەك ، بىز مىللەتلەر بۆلۈنۈپ چىقىش ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرلىككە
كېلىشكە قاراپ مېڭىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەستىن ، بەلكى باراۋەر-
لىك ، بىرلىك ، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى ئىنقىلابىي بىرلىكسەپتىن
باراۋەرلىك ، بىرلىك ، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى خەلق جۇمھۇرىيىتىگە
ئۆتتۇق .

قىسقىسى، مەملىكىتىمىز بىلەن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قوللانغان سىياسەت، ئۇسۇل ۋە شەكىللەرمۇ ئوخشاش بولمىدى. خۇددى يولداش جۇ ئېنلەي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «جۇڭگودا مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش مۇۋاپىق. تارىخىي تەرەققىيات بىزگە مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شارائىتىنى يارىتىپ بەرمىگەنىكەن، بىز ئۇنداق چارىنى قوللىنالمايمىز.» «تارىخىي تەرەققىيات بىزگە مىللىي ھەمكارلىق شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەن، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بىزگە ھەمكارلىشىش ئاساسىنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا، بىز ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىغا پايدىلىق بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندۇق.»

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىر يۈرۈش مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن يولغا قويدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھەل قىلدى. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 159 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلدى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 45 ى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى، ئاھالىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 1700 دىن ئارتۇق مىللىي

يېزا قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلدى. 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ سىياسەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق، بىرلىكتە گۈللىنىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۇيغۇنلىشىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى خېلى تېز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولى، ئۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئۈچىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ سىياسىتى ۋە سىياسىي تۈزۈم قىلىشى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەشەببۇسى، سىياسىتى، تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى. ئىجابىي ـ سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەر بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەردىكى:

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مە-

لىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا، تۈپ پروگراممىسى ۋە پرىنسىپى. بۇ پارتىيىمىز نەچچە ئون يىللىق جاپالىق كۈرەش داۋامىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئەمەلىيەتمۇ ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈم، ئۇنى يولغا قويۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن بىر تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە يول قويۇش دۆلەتنى باي، كۈچلۈك قىلىش ۋە مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ۋە تۈپ كاپالىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغاندا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىختىن قېپقالغان مىللىي ئارازلىقنى چىقىرىپ تاشلاپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى چېگرىنى قوغداش، چېگرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۈردە ئاتلىنىدىغان قىلىشقا پايدىلىق. مىللىي كادىرلارنى ۋە ھەر خىل كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋەتەننىڭ باي بولۇشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ۋەتەننىڭ باي، كۈچلۈك،

بىرلىككە كەلگەن بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە ۋەزىپە يەنىلا ئېغىر. ھەر قانداق تۈزۈم، قانۇننىڭ ھەقىقىي تۈردە تىكلىنىشى، يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن مۇشەققەتلىك، ئەگرى-توقاي جەرياننى باشتىن كۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بىر ئەجىر بىلەنلا ئىش تامام بولۇش مۇمكىن ئەمەس. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بوران-چاپقۇنلۇق جەرياننى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، قانۇنلىشىش، تۈزۈملىشىش دەرىجىسىگە يەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان بىر پاكىتى.

1984-يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ جاكارلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقى دۆلىتىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىر يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرغىچە مەملىكىتىمىز بويىچە 25 ئاپتونوم ئوبلاست، 82 ئاپتونوم ناھىيە قانۇنىي رەسمىيەت بويىچە تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزۈپ ئاپتونومىيە نىزامنى جاكارلاپ يولغا قويدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 60 تىن ئارتۇق يەرلىك نىزام تۈزۈپ چىقتى؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايغا ياتىدىغان سىچۇەن، چىڭخەي، گەنسۇ، يۈننەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، لياۋنىڭ، خۇنەن، خېبېي قاتارلىق توققۇز ئۆلكە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەزى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە جاكارلىدى. بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

لېكىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە يەنە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئاساسلىقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاساسىي قانۇندا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تېخى تولۇق بەھرىمەن بولالمايۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق. بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بەزى كادىرلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇمىغان، مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر نىزام قۇرۇلۇشى تېخى يۈرۈشلەشمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە.

بىرىنچى، ئېلىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدە مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ئىقتىسادىي ئامىللار بىلەن سىياسىي ئامىللار توغرا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئاساسلىقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللەت تەركىبى ۋە رايون پەرقىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق. بۇنداق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ھەم مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇرەككەپ ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئەڭ زور دەرىجىدە ئىگە

قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئېلىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئاپتونومىيىنى بىرلەشتۈرۈشكە، يەنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بىلەن ھوقۇق بۆلۈش تۈزۈمىنى لايىقىدا بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئاپپاراتلىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدىكى بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتى، بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتى سۈپىتىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئاپپاراتلىرى مەركەزنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى، دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە پەرمانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئاپپاراتلىرى ئاساسىي قانۇندا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا كۆرسىتىلگەن ھەر خىل ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىقى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساەن دۆلەتنىڭ سىياسەت، پەرمانلىرىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. دېمەك، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، باشقا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل بىلەن سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئىمكانىيىتىگە

ئىگە بولالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئېلىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەر - قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەت ۋە ئىلغار رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي رايونلارغا ياردەملىشىش ۋە مەدەت بېرىشى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئوبدان شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. نۆۋەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز رايونلىرىدىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرمەكتە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كەڭ تەرەققىيات يولى ئېچىپ بەردى.

40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى شىددەت بىلەن ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ، ئىقتىسادىي قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1993 - يىلى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 415 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1949 - يىلى ۋە 1978 - يىلىدىكىدىن 23.5 ھەسسە ۋە 2.7 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 140 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 - يىلى ۋە 1978 - يىلىدىكىدىن 7.3 ھەسسە ۋە 1.3 ھەسسە كۆپەيدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 - يىلى ۋە 1978 - يىلىدىكىدىن 160 ھەسسە ۋە 4.2 ھەسسە كۆپەيدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1978 - يىلىدىكى 70 نەچچە يۈەندىن كۆپىيىپ 1993 - يىلىدىكى 696 يۈەنگە يەتتى. ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللانماقتا. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى.

سانائەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1949 ـ يىلىدىكى 14.8 پىرسەنتتىن ئۆرلەپ 1993 ـ يىلىدىكى 66.3 پىرسەنتكە يەتتى. بۇ ئىقتىسادنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1950 ـ يىلىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن كۆپىيىپ 2 مىليون 280 مىڭ كىشىگە يېتىپ، پارتىيە ئىشلىرى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە مەخسۇس ماھارەتكە ئىگە كەڭ كادىرلار قوشۇنى شەكىللەندى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن، يۇقىرىقى نەتىجىلەر ۋە مىللىي رايونلاردا بارلىققا كەلگەن غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پارتىيىمىز يولغا قويغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ھەقىقەتەن ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان توغرا سىياسەت.

ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى.» بىز ھازىر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرماقتىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاق-

لىقىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىزچىل تۇردە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چارۋىچىلىق رايونلىرى قۇرۇلۇشى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى، مىللىي سودا، مىللىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش، مىللىي رايونلارغا مەبلەغ، تېخنىكا، خادىملار جەھەتتىن ياردەم بېرىش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە يولىيورۇق بېرىپ كەلدى. يېقىندا گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىلگىرىلە-گەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر را-يونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئەمەلىي تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە، دۇنيادا مىللىي مەسىلە ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن بىرىگە ئايلاندى. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئوخشاشمىغان خاراكتېردىكى ۋە ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى مىللىي مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. خەلقئارادىكى مىللىي مەسىلىنىڭ مە-لىكىتىمىز ئىچىگە تەسىر كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ. چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر چېگرىدىكى مىللىي مەسىلىنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلماقتا. ئۇلار مىللەت، دىن بايرى-قىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سىڭىپ كىرىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ۋە ۋەقە پەيدا قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مە-سىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. مەملىكەت ئىچىدىكى بىر ئۇچۇم

مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ ئۆز ئارا ماسلىشىپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى سۈيىقەستىنى جىددىي يۈرگۈزمەكتە . بۇ ھەقتە مېگىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز لازىم . ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ توغرىلىقى ۋە مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەت ، دىن ، كىشىلىك ھوقۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئېلىپ بارىدىغان ئاغدۇرمىچىلىق ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا مەھكەم تايىنىپ ، بۆلگۈنچىلىككە ، سىڭىپ كىرىشكە ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم . خۇددى يولداش جياڭ زېمىن دېگەندەك : « مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەر خىل قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىدى . مەيلى خەلقئارادا ھەر قانداق جىددىي ئۆزگىرىش بولسۇن ، ياكى مەملىكەت ئىچىدە قانداق بوران ـ چاپقۇن يۈز بەرسۇن ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈپ ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى . بىز ئىپتىخارلىق ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم . بۇ ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى . »

كەلگۈسىدىكى 15 يىل ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى

ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە 15 يىل، شۇنداقلا ئىلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە 15 يىل بولىدۇ. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرىدىغانلا بولساق، ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىكتە راۋاجلىنىش ۋە بىرلىكتە گۈللىنىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىمىزنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

# ئۈچىنچى باب

## ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ باراۋەر خوجايىنى

### بىرىنچى بۆلۈم مىللىي باراۋەرلىك ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى

1. پرولېتارىيات باراۋەرلىك تەلىپىنىڭ تۈپ مەزمۇنى سىنىپلارنى يوقىتىش.

مىللىي باراۋەرلىك دېگەن نېمە؟ مىللەتنىڭ بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولغىنىغا ئوخشاش، مىللىي باراۋەرلىك ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇنى بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، مىللەت تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولىدىغان ۋە شەكىللىنىدىغان ئىدىيىۋى ئاڭدىن ئىبارەت. سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جەمئىيەتتە، مىللەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ئوخشاش بولمىغان سىنىپىي گۇرۇھلاردىن تەركىب تاپىدۇ، سىنىپلارنىڭ باراۋەرسىزلىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىللىي باراۋەرلىك ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇنى سىنىپنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتتىكى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ سىنىپىي ئاڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە سىنىپىي ئاڭ تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرىدۇ. مىللىي باراۋەرلىك مىللەت قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللىي باراۋەرلىك ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇنى روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشاشمىغان سىنىپلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەت قارىشى بولىدۇ.

«مىللىي باراۋەرلىك» شوئارىنى كاپىتالىزمنىڭ ئۆرلەش دەۋرىدە بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىككە ۋە مىللىي ئېزىشكە قارشى ئىدىيىۋى ئېڭى بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ بارا-

ۋەرلىك نۇقتىئىنەزەرىنىڭ مەھسۇلى. بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى دەۋرىدە، مىللىي ھەرىكەت ۋە مىللىي باراۋەرلىك بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. بۇرژۇئازىيىنىڭ «مىللىي باراۋەرلىك» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى فېئودال ھۆكۈمرانلىققا ۋە مىللىي ئېزىشكە قارشى تۇرۇشتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلغارلىق رولىغا ئىگە ئىدى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى پرولېتارىيات ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقتىن، تارىخىي مۇۋاپىقلىق خاراكتېرىگىمۇ ئىگە ئىدى. لېكىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ «مىللىي باراۋەرلىك» شوئارى ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىگىمۇ ئىگە. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى مەسىلە، جۈملىدىن مىللىي باراۋەرلىك مەسىلىسى ھەققىدىكى ئابستراكت ياكى شەكلەن ئاتاشلار بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىگە خاس نەرسىلەردۇر. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئومۇمىي شەخسلەر باراۋەرلىكى دېگەن نام ئاستىدا مۈلۈكدارلار بىلەن پۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى شەكىل جەھەتتىكى ياكى قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى جاكارلايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارنى زور دەرىجىدە ئالدايدۇ.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، يېڭى سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە مىللىي ئەزگۈچىگە ئايلىنىدۇ ھەمدە بۇنداق ئېزىشنى پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىگە كېڭەيتىپ، باشقا مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر، مۇستەملىكىلەر، يېرىم مۇستەملىكىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەزگۈچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مىللىي باراۋەرلىك» شوئارى بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي زىددىيەتنى ياپىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى ئالدايدىغان قورالىغا ئايلىنىدۇ.

پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش داۋامىدا راۋاجلانغان ۋە زورايغان، پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پرولېتارىيات ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تۈپ توسالغۇ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇرژۇئازىيە هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن پرولېتارىيات ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ماركسىزم پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشى، ماركسىزم مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنلا مىللىي باراۋەرلىك ئاندىن چىن، ئۆزۈل - كېسىل ئىنقىلابىي مەزمۇنغا ئىگە بولدى. ماركسىزمنىڭ مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ھەم ئىلمىي، ھەم مۇكەممەل نەزەرىيىۋى سىستېما بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ھەممە مىللەت باپ-باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا مىللىي باراۋەرلىكنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە ئەتراپلىق، ماهىيەتلىك تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ «مىللىي باراۋەرلىك» شوئارىدىن ماهىيەتلىك پەرقلىنىدۇ.

بىرىنچى، ماركسىزم مىللىي زۇلۇمغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە مۇستەقىل بولۇشىغا مەدەت بېرىدۇ. ماركس، ئېنگېلسلار ئەزەلدىنلا مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كەلگەن: مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئېزىلگۈچى مىلللەتلەرنىڭ «مىللىي ئازادلىقى» ۋە «مىللىي مۇستەقىللىكى» گە مەدەت بەرگەندىلا، ئاندىن «مىللىي باراۋەرلىك» ۋە «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقى» نى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىغان: ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سەمىمىي ھەمكارلىقى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان بولغان چاغدىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر مىللەت باشقا مىللەتنىڭ قول قىلىشىغا ۋە ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقان چاغدا، بۇ مىللەت ھېچقانداق «باراۋەر» مۇئامىلىگە

ئىگە بولالمايدۇ. باراۋەرلىك ھوقۇقى بولمىغانىكەن، تەبىئىيكى، ھەر قانداق ھەمكارلىق توغرىسىدا سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، «ھەمكارلىق باراۋەر بولغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىلا بولىدىغان ئىش.» شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەزگۈچى مىللەتنىڭ قۇل قىلىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىك ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئىككىنچى، پرولېتارىياتنىڭ باراۋەرلىك تەلىپىنىڭ تۈپ مەزمۇنى سىنىپلارنى يوقىتىش. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرسىزلىكىنى سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنى قۇرۇپ، سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ئاندىن مىللىي ئېزىشنى پەيدا قىلىدىغان مەنبەنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جىمىكى ھوقۇق جەھەتتە پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللەتلەر چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باراۋەر بولۇشى، ھەممىسى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. جىمىكى ھوقۇق جەھەتتىكى باراۋەرلىك دېگەندە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تىل - يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىنى مەنئى قىلىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قوغداش ھەمدە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم، بۇ، ماركسىزمنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھەققىدىكى تۈپ تەلىپى.

تۆتىنچى، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن پرولېتارىيات سىياسىي جەھەتتىكى، قانۇن جەھەتتىكى مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئەسلىدە ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋ پىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «مەۋقەنى ھەقىقىي تۈردە مىللىي باراۋەرلىككە قويۇش» مەقسىتىگە يېتىش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەر قايسى مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىناق ئۆتىدىغان ۋە قېرىنداشلارچە ھەمكارلىشىدىغان مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش قىيىن.

2. مىللىي باراۋەرلىك ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى.

ماركسىزمنىڭ مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى پرىنسىپى يولداش دېڭ شياۋ پىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسى، پرولېتارىياتنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى بىر تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈپ سىياستى.

مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى:

بىرىنچىدىن، ئۇنى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن. پرولېتارىيات ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلابىي سىنىپ بولۇپ، ئۇ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ۋە شەخسىيەتسىزلىك سىنىپىي پەزىلىتىگە ئىگە. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، پرولېتارىيات جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ساتقاندىن باشقا ھېچنېمىسى بولمايدۇ، ئۇ ئېزىلىشكە، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ھەممىدىن چوڭقۇر ئۇچرايدىغان سىنىپ بولۇپ، ئۇ

خۇسۇسي مۇلۇكچىلىكنى ، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلغاندىلا ، ئاندىن ئۆزىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئازاد قىلالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىدا ئەڭ قەتئىي ، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل سىنىپ ، مىللىي ئېزىش ، سىنىپىي ئېزىشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى ، پرولېتارىيات جىمىكى سىنىپىي ئېزىشكە ۋە مىللىي ئېزىشكە قارشى تۇرىدۇ ھەم باشقا مىللەت ھۆكۈمران سىنىپلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنى ئېزىشىگە ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ ھەم ئۆز مىللىتى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئېزىشىگە ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ . ئېنگېلس بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : « بارلىق پرولېتارلار تۇغۇلۇش بىلەنلا مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشقا ئىگە ئەمەس ئىدى » ، « پرولېتارلاردا ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بۆلۈنمە ھالەتنى يوقىتالايدۇ . » شۇنىڭ ئۈچۈن ، پرولېتارىيات مىللەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىغا قارىماي باراۋەر بولۇشىدا ، ھەر مىللەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىدا ، سىنىپىي ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بولمىغان كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى بىرلىكتە قۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ . « پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتلىرى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەر بىرلىشىڭلار » دېگەن شوئار - پرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار شوئارى ۋە مۇھىم پرىنسىپى ، پرولېتارىياتنىڭ شەخسىيەتسىز سىنىپىي پەزىلىتىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتتىكى ئىنكاسى ، پرولېتارىيات مىللەت قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى .

ئىككىنچىدىن ، مىللىي باراۋەرلىكنى ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى قىلىش مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى . كۆپچىلىككە مەلۇمكى ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ، مىللىي مەسىلىدە ئىككى تارىخىي يۈزلىنىش بولىدۇ : بىرىنچى يۈزلىنىش — مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي ھەرىكەتلەر ئويغىنىپ جىمىكى مىللىي ئېزىشكە قارشى كۆرەشلەر قوزغىلىپ ، مىللىي دۆلەت قۇرۇش ؛ ئىككىنچى يۈزلىنىش — مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ئالاقىلەر راۋاجلىنىپ ۋە كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ ، مىللىي قور-

غانلارنى بۇزۇپ تاشلاش، «كاپىتال ئومۇمىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش، سىياسىي، ئىلىم - پەن قاتارلىقلارنىڭ خەلقئارا بىرلىكى شەكىللىنىش» بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، دۇنياۋى بازار ۋە دۇنيا ئىقتىسا- دىنىڭ شەكىللىنىشى، دېڭىز ئۈستى يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە تۆمۈر يوللارنىڭ ياسىلىشى مۇقەررەر ھالدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېكىنمىچى- لىك ۋە بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە يېقىنلىشىشنى ئىلگىرى سۈ- رىدۇ. بۇ كاپىتالىزمنىڭ تارىخىي ئىلغارلىق رولى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتى- جىسى. يەنە بىر تەرەپتىن، كاپىتالىزم شارائىتىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە يېقىنلىشىش باراۋەرلىك ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشماستىن بەلكى بەزى مىللەتلەرنىڭ باشقا بەزى مىللەتلەرنى ئۆ- زىگە بويسۇندۇرۇشى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى راۋاجلانغان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ئۇلارغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشى، ھەتتا ئۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىق ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرى- سىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە بۆلۈنۈش مۇقەررەر ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ھال بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن، بۇنى تارىخىي تەرەققىيات ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان. لېكىن، بۇ ئىككى تارىخىي يۈزلىنىش، پرولېتارى- ياتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىردەكلىككە ئىگە. چۈنكى ئۇ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ مىللىي ئې- زىشىدىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىزم ئاساسىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىشىشى مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى. ماركسىزم دەل مۇشۇ ئىككى تارى- خىي يۈزلىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي پروگراممىسىدا، ئالدى بىلەن، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئېزىشكە قارشى تۇ-

روپ، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا يول قويمايدۇ؛ ئۈنىڭدىن قالسا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇ- روپ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىشچىلار ئاممىسىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە ئۇلارنى زەھەرلەشكە قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى- نىڭ بىرلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىپ، كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ماركسىزمنىڭ مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى دەل مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى توغرا تونۇش ئاساسىغا ئورنىتىلغان.

ئۈچىنچىدىن، ماركسىزمنىڭ مىللىي باراۋەرلىكنى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىشى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن كاپىتالىزم تۈزۈمى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىزمدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇ- مىي مۇلۇكچىلىك ئورنىتىلىپ، سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللىي ئېزىش يوقىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكار- لىق ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ مەزمۇنى، خاراك- تېرى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە بىر - بىرىگە تۈپتىن قارمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل تارىخىي يۈزلىنىش مەۋجۇت ئە- مەس، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتمۇ يوق. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي مەسىلە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مەملى- كىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي مەسىلە مەۋجۇت، لېكىن ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىگە مەنسۇپ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تۈپ مەنپەئەت

بىر دەكلىكى ئاساسىدىكى ئەمگەكچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. لېكىن سىنىپىي كۈرەش بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. بۇ بىر ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ ئىچكى زىددىيەت ئاساسلىقى تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، مەنپەئەت مەسىلىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتلەر. ئىككىنچى، نەشرىيات بۇيۇملىرى (جۈملىدىن بەزى كىنو، تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى) دە مىللىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىكتىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەر. ئۈچىنچى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى توقۇنۇش ۋە تارىخىي يىغىندىلار. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق، تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي پىسخىك قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشەنچە ۋە تېگىشلىك ھۆرمەتنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلىدىن، رېئال تۇرمۇشتا ھەمىشە بەزى خاتا چۈشەنچىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. تۆتىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى قورغانلار بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. يۇرۇشۇپ تۇرىدىغان ئاھالىمۇ كۆپىيىدۇ، بۇنداق مۇقەررەر يۈزلىنىش مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. لېكىن بۇنىڭدىنمۇ بەزى زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى زىددىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر. كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي مەسىلە ئاساسلىقى تارىختىن قېپقالغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي

مەسىلىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىش مەسىلىسىدە بىر قەدەر مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مەسىلىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا پەيدىنپەي ھەل قىلىش تامامەن مۇمكىن.

## ئىككىنچى بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى ۋە سىياسىتىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى

مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئېزىشكە قارشى تۇرۇش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بۇ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسەن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈپ سىياسىتى.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 56 قېرىنداش مىللەت بار. پارتىيىمىز ئىزچىل تۈردە مىللەتلەرنى چوڭ- كىچىك دەپ ئايرىماي، ئۇلارنىڭ باپباراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇش، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى، بىرلىكتە راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم دەپ تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. 1922- يىل 7- ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 2- قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدە ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ پرىنسىپ گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، «جاھانگىرلىكنى يوقاتقاندىن كېيىنلا باراۋەرلىك ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ»، «چېگرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلەنگەن. 1934- يىل 1- ئايدا ماۋ زېدۇڭ 2- قېتىملىق مەملىكەتلىك سوۋېت قۇرۇلتىيىدا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: مىللىي ئېزىش مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا مىللىي ئېزىشنىڭ

ئورنىنى مىللەتلەرنىڭ ئەركىن بىرلىشىشى ئالدۇ. 1935 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق دەپ جاكارلىغان: «جۇڭگو زېمىنى ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەرلىكى يولغا قويۇلىدۇ.» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىگە كەلگەندە، پارتىيىنىڭ مىللىي پروگراممىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاساسلىقى مىللىي ئاپتونومىيە تەكىتلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش پرىنسىپى ئاساسىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. بۇ ئۆزگىرىش پارتىيە 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى بەلگە قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قايسى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە تايانچ بازىلاردىكى ھۆكۈمەتلەر يەنە نۇرغۇن قانۇن، بەلگىلىمىلەرنى ئىشلەپ چىقتى. مەسىلەن، 1941 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن، موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى يولغا قويۇلىدۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدۇ»، «موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ.» بۇ بەلگىلىمىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى. 1947 ـ يىلى يەنە مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى ـــ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، مەملىكىتىمىزدە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھىم ئەمەلىيەت تەجرىبىسى يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي

باراۋەرلىكنىڭ يېڭى ئېراسى باشلاندى. پارتىيىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك پىرىنسىپى ۋە سىياسىتى ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. يېڭى دەۋردە يولداش دېڭ شياۋ پىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتى، «مىللىي كەمسىتىش بولمايدىغان» سىياسەت، «بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىمىز» دەپ قايتا تەكىتلىدى. پارتىيە ۋە دۆلەت ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە باشتىن ــ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بارۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى پرىنسىپىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ چىقتى.

نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت كۆرسىتىپ بەردىكى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرا بولۇپ، مىللىي مەسىلە بىر قەدەر ئوبدان ھەل قىلىندى، ئۇنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى شۇ بولدىكى، بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا سىياسىتى قىلدۇق. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى شارائىتىدىكى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولۇپ، ئۇ خەلقى ــ ئالەم ئېتىراپ قىلغان پاكىتقا ئايلىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى نامايان قىلدى.

رېئاللىقتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزدە ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى مۇنۇلار:

بىرىنچى، مىللىي ئېزىش تۈزۈمى يوقىتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، مەملىكىتىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر سىنىپىي ئېزىش ۋە سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە مەۋجۇت ئىدى. تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە قۇللۇق تۈزۈمى شارائىتىدا ھايۋاندىنمۇ ناچار تۇرمۇش كۆچۈرەتتى؛ تۆت

ئىگە؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ھەر بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆزى سايلىغان ۋەكىلى بار. مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتناشماقتا، مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى دۆلەت قانۇنىي تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلمەكتە.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى يولغا قويۇلدى. بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقى ۋە كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىككى: بىرى، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىدا، قانۇن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دېموكراتىيە ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئۆز ۋەكىلى بولىدۇ. 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا، 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يەنە بىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈلۈپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. 1942-يىل 4-ئايدا، ئەينى ۋاقىتتىكى شەنشى-گەنسۇ-

نىڭشىيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئۆز قارىمىقىدىكى 4 ـ رايون، 5 ـ رايوننى ۋە شەھەرگە قاراشلىق ئىككى تەبىئىي كەنتنى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا ئايرىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت يەنە ئىكجاۋ ئايمىقىدا چىڭچۇەن موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، يېزىسى قۇرغان. ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى سايلاپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى جاكارلىدى. 1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 6 ـ يىغىنىدا تۈنجى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنۇلار بەلگىلەندى. ئاپتونومىيە ئورگىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق؛ ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۈزۈلۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە بولىدۇ ۋە باشقىلار. بۇ بەلگىلىمىلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقى كۈچلۈك ئىشقا سېلىنىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھازىر مەملىكىتىمىز بويىچە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 122 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) بار. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىر خىل مۇھىم تولۇقلىما شەكلى سۈپە-
تىدە يەنە 1700 دىن ئارتۇق مىللىي يېزا قۇرۇلدى. پۈتۈن
مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە 45 ئاز سانلىق مىللەت
ئاپتونومىيىلىك جاي قۇردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويغان مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ
75 پىرسەنتىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ
كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64.3% تىنى ئىگىلەيدۇ.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانى ۋە جايلى-
شىشى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىششى ۋە قۇرۇلمىسى
ئەھۋالىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ھال تولۇق چۈشەندۇ-
رۇپ بېرىدۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر مىللىي
باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتا. بۇ
مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىسلىسىز بىر ئىجادىيەت بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى دۇنيادىمۇ ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلدى. نەچچە ئون يىللىق ئەمەل-
يەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ
ئەھۋالىغا ياپ كېلىدۇ ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ھازىرقى گەپ
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە
راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، بۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاساسىي
سىياسىي تۈزۈمدە قانداق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قانداق
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا
بولۇش ھوقۇقىنى داۋاملىق كاپالەتلەندۈرۈش ۋە يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.
بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن
بىرى. مەركەزنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆزگەرگەن يېڭى ئەھۋالغا ئاسا-
سەن، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا
ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنىڭ روھىنى
ئاساس قىلىپ، ئەسلىدىكى بەزى ئاتاش ۋە بەلگىلىمىلەرنى مۇۋاپىق
ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلى-
پىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە

راۋاجلاندۇرۇشنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىش؛
مىللىي رايونلاردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى
قىلىپ، مىللىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي
كۈچ قوشۇش؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇش بىلەن يۈرۈشدىغان نىزاملار
سىستېمىسىنى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى ئورنىتىش؛ ئەسىر ئاتلايدى-
غان مىللىي كادىرلار قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە قۇرۇپ،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇندا بېرىلگەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى ئىشلارنى ۋە يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك
يۈرگۈزۈشنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە گۈللىنىشنى ئىشقا
ئاشۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە
ئېتىبار بېرىشكە دىققەت قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ
مۇنداق دېدى: «سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى
ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.» مىللىي رايونلارنىڭ جىمىكى خىز-
مەتلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسەت،
مەركەز، ئۆلچەم قىلىندى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان،
بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي
يىغىنىدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا،
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا
غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيت-
ساق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پارتىيىنىڭ لۇشيەن،
فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايو-
نىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، يول
ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، شىنجاڭدىكى

مىللىي ئېزىش» مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باپباراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇ- رۇپ، نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە يەر - جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەيلى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسى ياكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى بولسۇن، مەيلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ياكى مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، ساقلىق ساقلاش، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ياكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى بولسۇن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بىز دەل دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى قەتئىي تۈردە يولغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسە- تىپ ئۆتكەندەك، مەملىكىتىمىزدە « چوڭ مىللىي ماجىرا يوق » بولۇشتەك مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ئەھۋالدىمۇ قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ قالالىدۇق. لېكىن مىللىي مەسىلە يەنىلا ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۆتكەنكى خىزمەتلەردىكى سەۋەنلىك، بولۇپمۇ « مەدەنىي- يەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدىكى بىر مەزگىللىك « سول »چىل خاتالىق ياكى چەكتىن ئاشقان ھالەتتە... بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەرنى باراۋەر، ئىتتىپاق قىلغان ۋە بىرلىكتە گۈللەندۈرگەن پرىنسىپ ئوبدان ئىجرا قىلىنماي قالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىخىي سەۋەب قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي را-

يونلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر قالاق تۇرماقتا، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ناھايىتى زور پەرقلەر ساقلانماقتا، بولۇپمۇ شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرق يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈگىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھېلىھەم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر تۈرلۈك ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

### ئۈچىنچى بۆلۈم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىش كېرەك

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىي قىسمى (مىللىي رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كېڭەيدى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، پەرقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ۋە كېڭەيگەنلىكىنى «خەنزۇلارنىڭ كەمسىتكەنلىكى، ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى» نىڭ نەتىجىسى دەپ بۇرمىلاپ، ھازىرقى باسقۇچتىكى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا كونا جەمئىيەتتىكىدەك «تەڭسىز» مىللىي مۇناسىۋەت مەۋجۇت دەپ جۆيلىدى. بۇ پۈتۈنلەي يامان غەرەزلىك بۆلگۈنچىلىك. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى قانداق قىلىپ توغرا تونۇش ۋە توغرا ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدا بىر ئومۇمىي تۇپ يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قىسىم رايونلار، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇپ، ئورتاق بېيىشنى پەيدىنپەي

ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ توپ پرىنسىپى ۋە ماھىيەتلىك خۇسۇسىيتى، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە مۇتلەق بىرلمايدۇ. تارىخىي، دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق رايونلار پەرقى مەسىلىسىنى تونۇش ۋە ھەل قىلىش لازىم» دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم:

بىرىنچى، مىللىي رايونلارغا، مىللىي سىياسەتنىڭ توغرا بولغان بولماسلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى خىزمىتىنى قانداق كۆزىتىش كېرەك؟ مىللىي بارا-ۋەرلىك سىياستىنىڭ ئىجرا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىغا قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەك؟ بۇ ئىزچىل تۈردە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى بەزى ئەربابلارنى ئىنتايىن گاڭگىرىتىپ كەلگەن مەسىلە. 1987 - يىل 6 - ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياستى ۋە شىزاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگونىڭ مىللىي سىياستىگە ۋە شىزاڭ مەسىلىسىگە شىزاڭدا قانچىلىك خەنزۇ بارلىقىغا قاراپلا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بولسا، توغرا يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. قانداق قىلغاندا شىزاڭ خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدىغانلىقىغا قاراش، قانداق قىلغاندا شىزاڭنى تەرەققىي تاپقۇزۇپ، جۇڭگونىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىغا قاراش — بۇنىڭ ئاچقۇچى.» «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆزىتىشتە، ئاساسلىقى شۇ رايوننىڭ تەرەققىي تاپالايدىغان - تاپالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئەگەر ئۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ كۆپرەك بولۇشى شۇ يەرنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولسا، بۇنى يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق مەسىلىگە قاراشتا، دىققەت - ئېتىبارنى شەكىلگە ئەمەس، ماھىيەتكە قارىتىش لازىم.» يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇھىم بايانلىرىدا ئىككى مۇھىم نۇقتا بار: بىرى، ئۇنىڭدا غەرب ئەللىرىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ

خەنزۇلارنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەرىگە رەددىيە بېرىلگەن؛ يەنە بىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جىمىكى خىزمەتلەرنى ئۆلچەشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىنغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىگە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن - بەرمىگەنلىكىگە قاراپ هۆكۈم قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن. بىر رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشتە، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە هۆكۈم قىلىشتا، ئاساسلىقى ئۇنىڭ تەرەققىي تاپالايدىغان - تاپالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە. ئىقتىساد يۈكسەلمىسە، خەلقنىڭ تۇرمۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىمەن دېيىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا، مىللىي ئېزىش ئاللىقاچان يوقىتىلدى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ مەنبەسى قومۇرۇپ تاشلاندى. هازىرقى باسقۇچتا مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى مەسىلىسىدە بىر قەدەر مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، رايونلار پەرقىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى، بەلكى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي قىسىمدىكى رايونلار بىلەن غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر خىل تەرەققىيات جەريانىدىكى، تەرەققىيات جەريانىدا گەۋدىلىنىپ چىققان ۋە ئىلگىرىلىگەن هالدا كېڭەيگەن، هەممە جاي تەرەققىي قىلغان ئاساستا گەۋدىلىنىپ چىققان پەرق بولۇپ، ئۇ تەرەققىي قىلغان. ئەمما تەرەققىيات

تولۇق بولمىغان ياكى تەكشى بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئۇچىنچى، پەرقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كېڭىيىشى كۆپ تەرەپتىكى ئامىللار سەۋەبىدىن ئۇزۇن مۇددەت داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنى كىچىكلىتىش ئۈچۈنمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانى كېتىدۇ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى بەلگىلىگەن. تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەردىن بىرى، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزدىكى رايونلار پەرقىنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىللارنىڭ بىرى. تەبىئىي، تارىخىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىمۇ پەيدا بولىدۇ. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتنى ئالساق، ئۇ بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى زور كۆپ ساندىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلار (جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى) نىڭ تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولۇپ، ئاساسلىقى تۆت چوڭ ئېكولوگىيىلىك ئاجىز رايونغا: غەربىي جەنۇبتىكى تاغلىق، ماگما جىنسلىق رايونغا، جەنۇبتىكى قىزىل تۇپراق، ئېدىرلىق رايونغا، شىمالدىكى سېرىق تۇپراق رايونغا، غەربىي شىمالدىكى چۆل ـ جەزىرىلىك رايونغا جايلاشقان. ئەسلىدىلا ناچار بولغان تەبىئىي شارائىت بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا؛ بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۇنىڭ ئىپتىدائىي سەۋىيىسى بىلەن ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسا، ئېگىز ـ تۆۋەنلىك بولسا، باشلانغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىسا، ئۇ بەلگىلىك باسقۇچتىكى مۇتلەق پەرقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ ئوخشاشمىغان ئەندىزىسى ئوخشاشمىغان تەرەققىيات نەتىجىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، نېمە ئۈچۈن

بەزى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، بەزى رايونلارنىڭ بولسا بىر قەدەر تۆۋەن بولدى؟ بىر رايوننىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىملىك بولىدۇ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرمۇ كۆپ تەرەپلىملىك بولىدۇ. بىز قايسى ئامىلنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە تېخى بىر نەرسە دېيەلمەيمىز، ئۇنى كۆپ ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، ئۆز ئارا رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىش كېرەك. بىر رايون، بىر تارماققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىگە قويۇپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك، پۈتۈن مەملىكەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخىي، تەبىئىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي سەۋەب قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن ئىچكى جايلار ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنى سېلىشتۇرغاندا پەرق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنى شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ پەرق بار. شىنجاڭنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ رايون بىلەن ئۇ رايون، بۇ جاي بىلەن ئۇ جاي ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىمۇ بۇنداق ياكى ئۇنداق ئوخشىماسلىق ۋە پەرقلەر بار بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ تارىخىي، تەبىئىي ۋە باشقا سەۋەبلەر بار، بۇمۇ بىر خىل ئوبيېكتىپ، نورمال ئەھۋال بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، قانداقتۇ پەرقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كېڭىيىشىنى ئاتالمىش خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «ئېزىشى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى» كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ جۆيلۈگەن، بۇ خىل مۇقام پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچىل مەقسەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىنتايىن رەزىل.

بىز رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق قانۇ-نىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ئاڭلىق تەتبىق قىلىشىمىز لازىم. نەچچە ئون يىللىق تەجرىبىلەر كۆرسىتىپ بەردىكى، خەلق ئىگىلىكى ھەر بىر قۇرۇلۇش دەۋرىدە نۇقتىلىق ۋە تەڭپۇڭسىز راۋاجلاندۇرۇلدۇ، قىسقا مۇددەتتىن قارىغاندا، بۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى پەرقنى كېڭەيتىدۇ، لېكىن ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا بولسا، بۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېزرەك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پەرقنى ھەقىقىي تۈردە كىچىكلىتىش ئۈچۈن مۇھىم ماددىي تېخنىكا ئاساسى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-نىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋازىنەتلىك دەرىجىسى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدا توغرا تاناسىپلىق مۇناسى-ۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، تەڭپۇڭ ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق ئىگىلىكى سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى جەريانىدىلا پەيدىنپەي، نىسبىي ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 80 - يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلار ئارقىدا قالغان رايونلارنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەق-قىيات ستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلار جۇغراپىيىلىك شارائىت، ئىختىساسلىق خادىملار ۋە ئىقتىساد، تېخنىكا ئاساسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، بىر سەكرەپلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بۇ ستراتېگىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئۇنۇمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدىغان ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. ھازىر، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «را-

يونلار ئىقتىسادىنىڭ ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىدا چىڭ تۇرۇپ، رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش» تىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېننى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار (جۇملىدىن مىللىي رايونلار) نىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش بىلەن شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەر ئىككىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىكى چوڭ ئومۇمىيلىق دەپ كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، تەرەققىياتتىكى پەرق مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش ـ قىلالماسلىقنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. ئۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ـ گەۋدىلەندۈرەلمەسلىككە، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىققا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە تەڭپۇڭ راۋاجلاندۇرىدىغان يېڭى يول تېپىش ـ تاپالماسلىققا، ئېلىمىز ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي. سىياسىي مەسىلە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. نورمال پەرق رىقابەتكە رىغبەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئاكتىپلىقنى قوزغايدۇ، لېكىن پەرق بەك زور بولۇپ ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىسا، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پەرق مەسىلىسى ئۈستىدە ھەممىدىن كۆپ توختىلىپ كەلدى، ئۇ ھامان بۇ مەسىلىنى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىشقا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، چاتاق چىقارماسلىققا باغلاپ سۆزلىدى.

11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىقتىسادىي پەرقنى كىچىكلىتىش، چەت ـ ياقا جايلاردىكى نامرات رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ

بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئىشىنى باشتىن ـ ئاخىر بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە قاتارىغا قويۇپ، بىر-قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، ئەقلىي كۈچ جەھەتلەردىن زور مىقداردا مەدەت بەردى. 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەت ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جايلاشتۇرۇشنى غەربكە يۆتكىشى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سالدى. 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يەنە رايونلار پەرقىنى كىچىكلىتىش ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇلىدىغان بىر تۈرلۈك مۇھىم فاڭجېن قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. يولداش جياڭ زېمىن 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «9 ـ بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، رايونلار پەرقىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىش يۈزلىنىشىنى ھەل قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پەرقنى كىچىكلىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئاكتىپ تىرىشىش لازىم.» شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان تەكلىپتە ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىدىغان بەش چوڭ سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ماسلاشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلار، بولۇپمۇ غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ئۈچۈن ئادىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي سىياسەت مۇھىتى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ بېرىلدى. بۇ ھال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلار، بولۇپمۇ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ

بېرىدۇ. رايونلار پەرقىنى كىچىكلىتىشتە، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشكە ۋە سىياسەت جەھەتتىن تەڭشەشكە تايىنىش، مىللىي رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق، ئەجادىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تېخىمۇ تايىنىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پەرقنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭىيىشىنى ئازايتىش ۋە ئاستىلىتىش بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئاساسى قىلىنىشى، جىمىكى فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا شۇ ئىشنى ئاساس قىلىش لازىم. قەتئىي ئىشىنىمىزكى، مەركەز تۈزۈپ چىققان بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلگۈسى.

# تۆتىنچى باب

## جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن

جۇڭخۇا مىللىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ مەنبەلىك مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى. بۇ ئۇقۇم گەرچە يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاڭلىق ھالدا بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىشىگە ئەگىشىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسى ئىنتايىن ئۇزۇن. چۈنكى، خەن سۇلالىلىرىدىن تارتىپلا جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كەلگەن، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەمەلىيەتتە پەيدىنپەي كۈندىن - كۈنگە بىرلىككە كەلگەن ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۈگۈن بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىمىزنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداشنى بىرىنچى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەسىر ھالقىش يولىدىكى يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى تۆھپە قىلىشىمىز لازىم.

### بىرىنچى بۆلۈم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىنى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقان. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللە-

نىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشقان.

(1) ھەر قايسى مىللەتلەر قەتئىي تەۋرەنمەس روھى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى ئېچىپ ۋە قوغداپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، مەملىكىتىمىز ئاساسىي جەھەتتىن شىيا مىللىتى ياكى خۇاشىيا مىللىتى (خەن سۇلالىسىدىن كېيىن خەنزۇ مىللىتى دەپ ئاتالغان) قۇرغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى ئاساسىي جەھەتتىن خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى ۋە چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىن ئىبارەت بولغان. چىڭ سۇلالىسى ئالتە بەگلىكنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، شىيا مىللىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى جەنۇبتىكى بىپايان يەرلەرنى قولغا ئېلىپ، غەرب ۋە شىمالدا ھونلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، غەرب تەرىپى گەنسۇغىچە، شىمال تەرىپى ئىچكى موڭغۇلغىچە، شەرق تەرىپى دېڭىز ۋە لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرقىغىچە، جەنۇب تەرىپي نەنلىڭغىچە بولغان كەڭ زېمىندا سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خۇاشيا مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بەييۈ سىستېمىسى، مياۋ – ياۋ سىستېمىسى، دىچاڭ سىستېمىسى، ئالتاي سىستېمىسىنى ۋە شەرقىي شىمالدىكى قىسمەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت قۇرغان. چىڭ سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئاساستا، خەن سۇلالىسى يەنە شىمالدا ھونلار بىلەن جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا يۆلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، غەربتە غەربىي دىيارغىچە بېرىپ، شەرقىي شىمالدا ئايماق تەسىس قىلىپ، تەيۋەن، شىزاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىن باشقا جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا زېمىنى تېخىمۇ زور بولغان كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرغان. چىڭ، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى بىرلىككە كەلتۈرۈش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ زېمىن كۆلىمى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، سۈي، تاڭ، سۇڭ، لياۋ، جىن، غەربىي شىيا دەۋرلىرىدە زېمىن كۆلىمى داۋاملىق كېڭىيىپ، سەددىچىن سېپىلىدىن كۆپ

يىراقتا تۇرىدىغان چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانسېرى كۆپلىگەن مىللەتلەرنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، شىزاڭ، تەيۋەننىڭ قوشۇپ كىرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاخىرقى ھېساباتا بېكىتىلگەن. بۇ 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا سوزۇلغان تارىختا، گەرچە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مىلىتارىستلار يېغىلىقى، 16 بەگلىك ۋە جەنۇب ـ شىمال نىزاسى، بەش دەۋر، ئون بەگلىكنىڭ ئۆز ئارا قارشىلىشىشى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شىاجىن دەۋرىدىكى بۆلۈنۈش قاتارلىق بىر نەچچە قېتىملىق خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان مىللىي بۆلۈنۈش مەزگىلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي ۋاقتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ 530 نەچچە يىللا ۋاقىت بولۇپ، بىرلىككە كېلىش باشتىن ـ ئاخىرغىچە جۇڭخۇا مىللىتى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، خەنزۇلارلا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇپ قالماستىن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان.

(2) ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئەمگەكچان، باتۇرلۇق روھى بىلەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ماددىي مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ماددىي ئاساس سالغان.

خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى قەدىمكى جۇڭگو ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىپ، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ، قەدىمكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي گەۋدىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ماركس، ئېنگېلسلار مۇنداق دېگەن: «ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا

مۇناسىۋەت ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىش تەقسىماتى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى باردى ـ كەلدىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق، بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان قائىدە.» ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كۆزلەپ، ئۆزلىرى ئىگە بولغان جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان ھەمدە باشقا مىللەتلەر بىلەن بار ـ يوقنى تەڭشەش يولىدىكى ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدىنى راۋاجلاندۇرغان. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ بارغان. ئۇنىڭ كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭەيگەن. «ئات بىلەن تاۋارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش»، «چاي بىلەن ئاتنى ئالماشتۇرۇش سودىسى» مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇنداق ئىقتىسادىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ھەر قايسى مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان كۈچلۈك بەلباغقا ئايلانغان.

(3) ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆز مىللىتى ئىگە بولغان مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، كۆپ مەنبەلىك، بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە قۇرۇش يولىدىكى بۇ تارىخىي جەرياندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن باشلانغان خەنزۇ مەدەنىيىتى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كۈچلۈك تۈردە ئۆزىگە قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش خاراكتېرىگىمۇ ئىگە بولۇپ، باشقا كۆپ خىل تۈردىكى مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان ۋە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر

كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرگەن، نەتىجىدە خەنزۇلار مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ رەڭگا - رەڭ مىللىي مەدەنىيەتنى يارىتىپ، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، ئەدەبىياتچىلار ۋە سەنئەتچىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، 11 - ئەسىردە ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ چىققان مەشھۇر داستان «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تۈزۈپ چىققان، قىسقىچە «قامۇس» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ئۇ ۋەتەنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىش مۇساپىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالغا سىلجىتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باغلىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە، شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا كۆچۈش ۋە تەبىئىي قوشۇلۇپ كېتىشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى مۇقەررەر ھالدا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتى ئومۇمىي گەۋدىسىگە توپلىنىشىپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ مەنبەلىك، بىرلىككە كەلگەن شانلىق جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان.

(4) ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش - كېلىشلەر، كونىدىن كونىغا كۆپەيتكەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۇنىڭدەك ئۆز ئارا كۆچۈش ۋە تەبىئىي قوشۇلۇپ كېتىش بىر - بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان،

چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان مىللىي مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇپ، جوڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئاساسىنى ئورنىتىپ بەرگەن.

گەرچە تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلار مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسۇۋالىشى، ھەر قايسى مىللەتلەرنى بىر – بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تۇرىدىغان ھالەتتە قالدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر تەرەپتىن، خەنزۇ مىللىتى مۇقىم ئولتۇراق تېررىتورىيىگە، ئاۋات يېزا ئىگىلىكىگە، ئۈزاق تارىخىي مەدەنىيەتكە شۇنىڭدەك قۇدرەتلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، غايەت زور قوبۇل قىلىش كۈچىگە ۋە قوشۇلۇش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، باشقا مىللىي تەركىبلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزىگە قوشۇپ، خەنزۇلارنىڭ نوپۇس مىقدارىنى تېزلىكتە كۆپەيتىپ، جۇڭگو بويىچە ھەتتا دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەتكە، جوڭخۇا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ، جوڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى تارىخىي جەرياندا باش يېتەكچىلىك ۋە يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ئۇزۇن تارىخقا، كۆپ خىل گۈزەل مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى بىرلىكى، زېمىن ئېچىش ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە تارىخىي تۆھپىلەر قوشقان. مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك» رايونىغا يۈزلىنىدىغان «ئىچكى يۈزلىنىش كۈچى» بولغان، موڭغۇل مىللىتى، مانجۇ مىللىتىلا شۇنداق بولۇش بىلەن قالماستىن، بەلكى «16 بەگلىك» دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرمۇ شۇنداق بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ جاھان سورىشىنى ئۈمىد قىلىشقان. بەزى مىللەتلەر يەرلىك خاراكتېرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

خانىدانلىقى بىلەن قارامىلىق مۇناسىۋىتى ياكى دوستلۇق، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «توغاچ» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا، جۇڭگو ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، يۇقىرى چىن جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىنى، يەنى سۇڭ خانلىقىنى، ئوتتۇرا چىن غەربىي شىيانى؛ تۆۋەن چىن قاراخانىلار خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن. بۇ جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرت رايونىدا قۇرۇلغان خانلىقىنىڭمۇ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورۇش يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، ئۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور ئاپەت ۋە كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى، چوڭ دائىرىلىك ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىنى، ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي قوشۇلۇپ كېتىشنى تېزلەتكەن. نەتىجىدە، قىسمەن خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان، خەنزۇلار بولسا تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان موڭغۇل مىللىتى ۋە مانجۇ مىللىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ زور قىسمى خەنزۇلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، مەملىكىتىمىز زېمىنى ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى، قوشۇلۇپ كېتىشى، بىرلىشىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم بولغان. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ بۇنداق قۇرۇلمىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

(5) يېقىنقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئورتاق تارىخىي ۋەزىپە ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەقدىرىنى تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈردى،

جۇڭخۇا مىللىتى ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ يېڭى ئېراسى باشلاندى.

جۇڭخۇا مىللىتى يېقىنقى زامان، دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يەنى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كېرىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندى، جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق زىددىيەتكە ئايلاندى. تاشقى جەھەتتە، جاھانگىرلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ ئىچكى جەھەتتە، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۆرەش نىشانىغا ئايلاندى. بۇ ئورتاق تارىخىي ۋەزىپە ۋە ئورتاق كۆرەش جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ ئۆزگىرىش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەقدىرىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن تېخىمۇ ئاجرالماس ھالدا مەھكەم بىرلەشتۈردى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تارىخىي ئالدىنقى شەرت يارىتىپ بەردى. دەل شۇنداق بولغاچقا، ھەر مىللەت خەلقى ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، مۈرىگە مۈرە تىرەپ جەڭ قىلىپ، جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىق كۈچلەرگە قارشى بىر ئەسىرگە سوزۇلغان قانلىق كۆرەش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىدا يېڭى شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. بۇ ئۇلۇغ كۆرەش داۋامىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسى يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنى ئازاد قىلىشتىن

ئىبارەت بۇ يېڭى دەۋر روھى گەۋدىلەندۇرۇلدى.

بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ شۇنداق قىلدى، جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش داۋامىدا قايتا قەھرىمانە تارىخىي دراملارنى ئويناپ چىقتى. مەسىلەن، 1817 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرى دۈشمەنگە قارشى بىردەك غەزەپلىنىپ، تاجاۋۇزچىلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، چارروسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى ئۇزاق مۇددەت ئىشغال قىلىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى. يەنە مەسىلەن، ئەنگلىيە يۆلەپ تۇغۇزغان قوقانلىق ياقۇپ بەگ باندىتلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي رايونغا قاراشقا كۈچىسىز قالغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا 10 نەچچە يىل تاجاۋۇز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ زور قىسىم رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئاتالمىش «جېتىسار خانلىقى» (يەتتە شەھەر خانلىقى) قۇرغان چاغدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇچرىدى. چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ ياقۇپ بەگ باندىتلىرىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشىپ، ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ياقۇپ بەگ باندىتلىرى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار كۆرسىتىپ بەردىكى، جىمىكى جاھانگىر كۈچلەر جۇڭگونى ھالاك قىلىۋېتەلمىدى، جۇڭخۇا مىللىتى غالىب ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، بۇ يەردىكى ئۇلۇغ كۈچ مەنبەسى شۇ بولدىكى، جۇڭخۇا مىللىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا مۇستەھكەم، بىرلىككە كەلگەن، زېمىنى كەڭ، ئاجرالماس، كۆپ مىللەتلىك ئورتاق گەۋدىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ تارىخىي مۇقەررەر-

لىك ، بۇنى ھېچقانداق كۈچ تەۋرىتەلمەيدۇ .

## ئىككىنچى بۆلۈم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش كېرەك

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا بىرلىككە كەلگەن ، بىر - بىرىنى ئەگىشىپ سۈرىدىغان ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان مۇناسىۋەت . بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

1. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكى .

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى كۆرسىتىپ بەردىكى ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى تۈپ ئاساستىن بىردەك . بۇنداق بىردەكلىك ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ .

بىرىنچى ، بىرلىكتە چىلىك تۇرۇپ ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش . جۇڭگو تارىخى كۆرسىتىپ بەردىكى ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش جەريانى بولدى . ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر چۈشەندىكى ، دۆلەت بىرلىككە كەلگەندىلا ، كىشىلەر ئاندىن دوستانە ئۆتەلەيدۇ ، تىنچ ، بەخىرامان تىرىكچىلىك قىلالايدۇ ، ئەل ئاۋات بولىدۇ ، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسى ئاندىن ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ . ئەكسىچە بولغاندا ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور بالايى - ئاپەت كەلتۈرۈپ ، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە سەرگەردان بولۇپ ، ھەممىلەن سەرسان بولىدىغان ، ئاھالە تېزلىكتە كېمىيىپ ، شەھەر بازارلار ۋەيران بولۇپ ، ئېتىز - ئېرىقلار چۆل - جەزىرىگە ئايلىنىدىغان ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىغان ھەتتا تاشقى

دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە پۇرسەت تۇغۇلۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئېغىر تەھلىكە پەيدا بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـــ 80 ـ يىللىرىدا، بۆلگۈنچىلىك مالىمانچىلىقى ۋە تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئاھالىسى 400 مىڭ چامىسىدىن تۆۋەنلەپ «ئوندىن بىرىگە يەتمەيدىغان» بولۇپ قالغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جۇڭگو تارىخي تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى بولۇپ، ئۇ ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇقەددەس ئىرادىسى ۋە ئالىي مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىمىز تارىخىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكنى قوغداش يولىدا ئۆز ھاياتىنى باتۇرلارچە تەقدىم قىلىدىغان نۇرغۇن قەھرىمان ئەربابلار بارلىققا كەلگەن. دەل شۇنداق بولغاچقا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخ ئېقىنىدا بۆلگۈنچىلىك باشتىن ـ ئاخىر كىشىلەر كۆڭلىگە ياقماي، بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ ھەننىۋاسى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلىنىپ، تارىخي جىنايەتچىلەرگە ئايلانغان.

ئىككىنچى، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرلىكتە راۋاجلىنىش. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىمۇ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ ئىككى خىل ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى قارشى تەرەپ ئىقتىسادىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشىغا موھتاج

بولغان. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇلار مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى قوبۇل قىلىدىغان سىغدۇرۇشچانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە توغرا كەلگەن. ئۈچىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى بىلەن گۈللىنىشتىمۇ ـ خارابلىشىشتىمۇ، شۆھرەتلىك ۋە نومۇسلۇق ئىشلاردىمۇ باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرىدىغان قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك ئاجرالماس زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، راۋاجلىنىش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش جۇڭخۇا مىللىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئايلانغان. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بولسا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ۋە قۇدرەتلىك كاپالەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلىكتە راۋاجلىنىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن خەلق بەخت ـ سائادەتلىك بولىدۇ، مىللەت روناق تاپىدۇ، ۋەتەن قۇدرەت تاپىدۇ. بىرلىكتە راۋاجلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولسا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىشكىنى ئۆز ئارا ئېچىۋېتىشى، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، ئۆز ئارا ياردەملىشىشى، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىرلىكتە راۋاجلىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك تەلىپى.

ئۈچىنچى، مىللىي ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق. تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلار مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەمىشە مىللىي ماجىرا توغدۇرۇپ تۇرغان. ھەتتا مىللىي ئۇرۇشلارنى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە بىللە تۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە دوستانە بېرىش ـ كېلىشنى پائال

راۋاجلاندۇرۇپ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى بەربەر ئۇزۇن تارىخ ئېقىنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. ھەر مىللەت خەلقلىرى تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە يېتىلدۈرگەن بۇنداق قېرىنداشلارچە دوستلۇق مۇھەببىتى ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ، قايتا ـ قايتا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن. تارىخ تەكرار ئىسپاتلىدىكى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقى بىرلەشكەندە ھەممىلەنگە پايدىلىق بولىدۇ، بۆلۈنگەندە بولسا، ھەممىلەن زىيانغا ئۇچرايدۇ، بۇ يىمىرىلمەس ھەقىقەت. مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ھەم مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەل مۇشۇنداق مەنپەئەت بىردەكلىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جەۋھىرىگە ئايلانغان.

تۆتىنچى، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش. بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرىپى. يېقىنقى زامان دەۋرىدىن بۇيان، جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقى جۇڭخۇا مىللىتى ئېگىنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلەتتى. ھەر مىللەت خەلقلىرى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى بولماي تۇرۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. جاھانگىر كۈچلەرنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ساداسى ۋە ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. بۇنداق دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى ئېگى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كونا شەكىلدىكى مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسىدىن زامانىمىزدىكى يېڭىچە

مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسگە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى ھې-سابلىنىدۇ.

2. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىلەن چەمبەر-چاس باغلانغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن قىلچە ئايرىلالمايدى-غانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ ھازىر سوتسىيالىستىك جۇڭگودا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەتلىك رەھبەرلىك يادروسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، مىللىي ئېزىش ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، چوڭ مىللەت بىلەن كىچىك مىللەت باپباراۋەر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ ۋە يۈكسەلدۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆزلۈك-كېيىنلىكى ئازادلىقى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئېنىق، توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى. دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېلىمىز خەلقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىللىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېراسىنى باشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە گۈللىنىدىغان ۋە راۋاجلىنىدىغان يېڭى تارىخىي دەۋرنى

باشلىدى.

سوتسىيالىزمنىڭ بۇ يېڭى تارىخىي دەۋرىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تارىخىي ۋەزىپىسىگە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەركىزىي ۋەزىپىسىگە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تارىخىي تاللىشىغا؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشتىكى مۇقەررەر يولىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتىگە ئايلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى تەڭداشسىز دەرىجىدە كۈچەيتتى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىردەكلىككە ئىگە بولۇش، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇش يارىتىش كۈرىشى داۋامىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر راۋاجلىنىش ۋە ئالغا يۈكسىلىش ئۈچۈن، دەرۋەقە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىشى كېرەك. لېكىن بۇ ئىشتا جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشىدىن قىلچە ئايرىلالمايدۇ. شىنجاڭدا 40 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر ئەلۋەتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. لېكىن بۇ شۇنىمۇ تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى ھەقىقەتەن شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېزلىكتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. ھالبۇكى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىن-

جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىگە تېگىشلىك دەرىجىدە مەدەت ۋە ياردەم بەردى .

جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنى ئىگىلەيدىغان خەنزۇلارنىڭ راۋاجلىنىشى ، ئالغا يۈكسىلىشى ۋە گۈللىنىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئالغا يۈكسىلىشىنىڭ ئاساسى ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ، ئۆز نۆۋىتىدە ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئالغا يۈكسىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئىشەنچىلىك كاپالىتى . ئەگەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكى بولمىغان بولسا ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، بىرلىكى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەھكەملىكى بولمىغان بولسا ، جۇڭخۇا مىللىتى قۇدرەت تاپمىغان ۋە گۈللەنمىگەن بولسا ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئالغا يۈكسىلىشى ھەرگىز مۇمكىن بولمىغان بولاتتى . تارىخمۇ ، رېئاللىقمۇ بىزگە ئۇقتۇرۇپ بەردىكى ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى دېگەنلىك مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى دېگەنلىكتۇر . مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنى قوغداش ۋە يۈكسەلدۈرۈش يولىدىكى ئورتاق كۈرەش داۋامىدىلا ئۆزىنى راۋاجلاندۇرالايدۇ . ھازىر جۇڭخۇا مىللىتى سوتسىيالىستىك مىللەتكە ئايلاندى ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى يۈز مىليونلىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئاساسىي مېلودىيىسىگە ئايلاندى . جۇڭخۇانى يۈكسەلدۈرۈش ، مىللەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم .

3 . جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىدىن ئەلا .

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ

مەنپەئەتىدە، تۈپ جەھەتتىن بىرلىككە كېلىدىغان تەرەپمۇ، كونكرېت مەنپەئەت جەھەتتە زىت كېلىدىغان تەرەپمۇ بار. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى — ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، ئۇ مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە ساقلاپ قېلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چوڭ ئائىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئىزچىل تۇردە شۇنداق قىلىپ كەلدى. بىز ئۇزاقتىن بۇيان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسىنى زور كۈچ بىلەن قېزىپ كەلدۇق ۋە باشقىلار. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەملىكىتىمىز زېمىنى ئىچىدە، مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن، مەيلى ئاھالىسى كۆپ - ئاز، تارىخى ئۇزۇن - قىسقا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ باراۋەر ئەزاسى، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ خوجايىنلىرى بولۇپ كەلدى. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى مىللىي سىياسەت، شۇنداقلا دۆلىتىمىز بۈگۈنكى دۇنيادا مىللىي سىياسەتنى ئەڭ ياخشى ئىجرا قىلغان دۆلەت. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ھەر قانداق ۋاقىتتا مىللىي مەسىلىگە سەل قارىماسلىقىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز ۋە يوققا چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، مىللىي زىددىيەت پەيدا بولۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىمىز. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا بۇ جەھەتتە ساۋاق بولغان، بۇ ساۋاقنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز لازىم.

يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھەر قانداق بىر مىللەت ئەگەر ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى نامۇۋاپىق دەرىجىدە تەكىتلەپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالمايدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان بولسا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى بىلەن ئايرىم مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدا جەزمەن زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بىرلىكتە چىڭ تۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقى، ئورتاق راۋاجلىنىش، زور كۈچ بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش قاتارلىقلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئىشلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومۇمىيلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك، تۈپلۈك ۋە يۇقىرى قاتلاملىق مەنپەئەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەت مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇ بارلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، شۆھرەت قازىنىشى ياكى نومۇستا قېلىشىدىن ئىبارەت تۈپ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەنپەئىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ قىسمەنلىك، قىسقا مۇددەتلىك؛ غەيرىي تۈپ خاراكتېرلىك ۋە تۆۋەن قاتلاملىق مەنپەئەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، ماھىيەتتە، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ھەر بىر مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى بىلەن غەيرىي تۈپ مەنپەئىتى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بۇ ھال جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ھەر قايسى مىل-

لەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىمكى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى كۆزلەپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، مەيلى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن بولسۇن، ئىنتايىن زىيانلىق بولىدۇ.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى. ئۇ ھەرگىز مەلۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تار مەزھەبچىلىك گۇرۇھى ياكى مىللەتلەر گۇرۇھى بولماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خەلق مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل ۋەكىلى. كوممۇنىستلار بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىقىنى كۆزلەيدىغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جەڭچىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق مىللىي ئېزىش ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىقىنى كۆزلەيدىغان ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل جەڭچىلەر. پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن لۇشيەنى، پروگراممىسى، سىياستى ۋە ئەمەلىيىتى بۇنى ئىسپاتلىغان. ئۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىرادىسى مەركەزلەشتۈرۈلگەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتى، ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن

ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە مەنپەئىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى پۈتۈنلەي بىردەك. بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىدىن ئەلا دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشىمىز، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغدىشىمىز، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز، كۆرۈنۈشتە ھە دەپ ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلماسلىقىمىز لازىم. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى، مەيلى ئۇ قايسى بىر مىللەتتىن بولغان بولسۇن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە پارتىيە مەنپەئىتىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقلىرى مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇشى، مەلۇم بىر مىللەتنىڭلا مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالمايدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم.

## ئۈچىنچى بۆلۈم جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك

جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا شەكىللەنگەن، ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئىدېئولوگىيە، ئۇ تارىخىي ئۈزلۈكسىزلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا كۆپ مىللەتنىڭ بىر گەۋدىلىكى خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئېڭىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىگە ئورتاق ئىدېئولوگىيە. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى ئېتىراپ قىلىش

ئىدىيىسى. ئەملىكتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى جۇڭگودا بىر-لىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش جەريانىدا، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ھەتتا ئۈزلۈكسىز ھالدا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا بىر مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، جۇڭگو زېمىنى ئىچىدىكى بارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ يېقىنقى زامان دەۋرىدە جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەت-لەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، ئەملىكتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىكتە مۇنقەرز بولۇش تەھلىكىسىگە دۇچ كېلىپ، بۇنداق ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى دېگەن ئۇقۇم شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو زېمىنى ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، تىل - يېزىقى، پېشىنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئۆزلىرىنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى دەپ ھېسابلاپ كەلدى.

ئىككىنچى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسى. ئەملىكتىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىش تارىخىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەممىيلەن بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى دېيدىغان ئىدىيە شۇنىڭدەك مىللەتلەر ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ئىدىيىسى بارغان-سېرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ غايەت زور ئۇيۇشقاقلىق كۈچىگە ئىگە بولغان ئىچكىرىگە تەل-پۈنۈش كۈچى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى ھامان ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، ئىتتىپاقلىققا ۋە بىرلىككە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ۋەقە كۆرۈلگەن ھامان كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، مالىمانچىلىقنى تىنجىتىپ، بىرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنداق ئىدىيە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىش ئۇلۇغ مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق

گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ئورنىتىپ بەردى.

ئۈچىنچى، جۇڭخۇا مىللىتىگە بولغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى. ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخىغا، شانلىق مەدەنىيىتىگە، كەڭ زېمىنىغا، نۇرغۇن ئاھالىسىگە، مول بايلىقىغا قارىتا كۈچلۈك مىللىي ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە. ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ تاغ - دەريالىرىنى، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى مەدھىيىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

تۆتىنچى، جۇڭخۇا مىللىتىگە بولغان پىداكارلىق روھى. مەملىكىتىمىز ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن تىنىماي ئىشلەپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئادالەتلىك ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى، ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن ھەممە نېمىسى، ھەتتا ئەڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانماي، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە توختىماي كۈرەش قىلىدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جېنى، جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنىڭ يادروسى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر خىل قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى سۈپىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنى سانسىزلىغان چىنىقىش ۋە خەۋپ - خەتەرلەرنىڭ سىنىقىنى باشتىن كۆچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىزچىل تۈردە قەيسەر، كۆتۈرەڭگۈ ھاياتىي كۈچىنى ئىزچىل تۈردە ساقلاپ كەلدى. قانداق كۈچ بىزنى نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان ئۇزاق تارىخ ئىچىدە تارىخىي مەدەنىيىتىمىزنى ئۈزۈپ قويماي ساقلاپ قېلىش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەي ئىتتىپاقلىق، بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە

ئىگە قىلدى؟ ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنىڭ ئۇلۇغ كۈچى.

جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭى بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە. ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇ پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان كونكرېت تارىخىي مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان جەمئىيىتىدە، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش، دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغان. يېقىنقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتىنىمىز سوتسىيالىزم داغدام يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا، جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ئۇلۇغ ئىشلىرىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشلىرىدا گەۋدىلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ۋە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىگە زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەيدۇ؛ ئۇ قۇدرەتلىك ئىلھاملاندۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۇغرا كەيپىياتى ۋە غايەت زور تەسىرلەندۈرۈش كۈچى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگو خەلقىنى مىللەتنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەرقانداق تەھلىكىسى ۋە بېسىمىغا تىز پۈكمەسلىككە يېتەكلەيدۇ، ئۇ يۈكسەك

دەرىجىدىكى مىللىي ئىززەت - ھۆرمەت ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە؛ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى توغرا قىممەت قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەپ، ۋەتەننىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنتلاپ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى قارىمۇ قارشى ئەمەس، مىللىي ئاڭ مىللەت چېگرىسى ئېڭى، مىللىي ئېتىراپ قىلىش ئېڭى ۋە مىللىي تەۋەلىك ئېڭىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى، پىسخىك خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ شۇ مىللەت ئومۇمىي گەۋدىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى بەلباغ ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەم راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم مەنىۋى تۈۋرۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئاڭنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ ۋە ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىمۇ نەزەردە تۇتىمىز. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز؛ بىز جۇڭخۇا مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەكىتلىگەندە، مەملىكىتىمىز زېمىنى ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىمۇ قىزغىن سۆيۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى كۈچەيتىش بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭىنى كۈچەيتىش تۈپ ئاساستىن ئالغاندا بىردەك، بىرلىككە ئىگە بولىدۇ.

بىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئەگەر جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇلىدىغان، ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىغا مۇخالىپ كېلىدىغان قىلىپ قويۇلسا، ئۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىق بولىدۇ.

تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بولغان بەزى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۆز مىللىتى ئېڭىنى مۇبالىغە قىلىپ بىمەنە دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ : بىرىنچى، « مىللەت ئەلا » دېگەن ئىدىيىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆز مىللەتىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلەردىكى رولىنى مۇبالىغە قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ تار مىللىي تەلىپىنى بىرىنچى ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە پارتىيە ھەم دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تار مىللىي مەنپەئەتنى ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئىككىنچى، چەتكە قېقىش ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، خەنزۇلارنى ياكى باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان سۆزلەرنى تارقىتىدۇ. ئۈچىنچى، مۇتەئەسسىپلىككە ۋە بېكىنمىچىلىككە مايىل بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىش ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، قالاق ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ، ھەتتا ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان دىنىي ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى، كونا نىكاھ تۈزۈمىنى شۇنىڭدەك باشقا چىرىك، زاۋالغا يۈز تۇتقان تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. روشەنكى، بۇ ئىدىيىۋى كەيپىياتلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىسىز بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئاسانلا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان بىر خىل خاتا ئىدىيە بولۇپ، ئادەتتە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان خەندەك يوق. تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بار كىشىلەر بۇ خاتا ئىدىيىدىن ھوشيار بولمىسا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پاتقىقىغا تېيىلىپ

چۇشۇش خەۋپى تۇغۇلدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئىپتىنى كۆككە كۆتۈرۈش نىقابى ئاستىدا تار مىللەتچىلىك خۇسۇسىي مېلىنى بازارغا سالىدىغان قىلمىشلاردىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئىپتى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئىپتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلەشتۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئىپتىنى جۇڭخۇا مىللىتى ئىپتىغا خىزمەت قىلدۇرۇپ ۋە بويسۇندۇرۇپ، ھەم جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ھەم ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داغدام يولىدا بىرلىكتە ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

# بەشىنچى باب

## شىنجاڭنىڭ راۋاجلىنىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ

شىنجاڭ مول تەبىئىي بايلىققا، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ھەر مىللەت خەلقىگە، رەڭگارەڭ مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۆزگىچە شەرت - شارائىتىغا ئىگە. ئەمما، كونا جۇڭگودىكى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئېغىر دەرىجىدە توسۇپ قويغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندىمۇ شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى يەنىلا بىرلا خىل، بېكىنمە ھالەتتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ناتۇرال ئىگىلىكى بولۇپ، زامانىۋى سانائەت يوق دېيەرلىك ئىدى. 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى نەتىجىسىدە، تارىخنىڭ يېڭى ئېراسى باشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى پۈتۈنلەي يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈكسەلدۈرۈلدى.

40 نەچچە يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى ھەم سىياسەت جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۇ ھەممىيلەن كۆرۈپ تۇرغان پاكىت بولۇپ،

بۇنى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى، تۆھمەت قىلىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا غايەت زور مەدەت بەردى

### 1. مالىيە كۈچى جەھەتتىن مەدەت بەردى

1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 40 يىل مابەينىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئالغا بېسىش يولىدىكى قەۋەت ـ قەۋەت قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاۋات، باياشات، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش نىشانىغا قاراپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرىلىدى.

40 يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلەت تۈرلۈك ـ تۈمەن يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ، سېلىنمىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ كەلدى. 1949 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئىشى جەمئىي 148 مىليارد 300 مىليون يۈەن ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 87 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ 59.14 پىرسەنتنى، يەرلىك سالغان مەبلەغ 60 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ 40.86 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلەت مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى پەيدىنپەي كۆپەيتتى. 1979 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە بولغان 16 يىل ئىچىدە، شىنجاڭدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئىشى جەمئىي 134 مىليارد 94 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى 23 يىل (1956 — 1978 ـ يىللىرى) دىكى ئومۇمىي جەمئىيسىنىڭ 9.6 ھەسسىگە تەڭ بولۇپ، 39 يىل (1956 — 1994 ـ يىللىرى) دىكى ئومۇ-

مىي جەمئىيىنىڭ 91.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21% ئېشىپ كەلدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان، دۆلەت شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى پەيدىنپەي كۆپەيتتى. 6 ـ بەش يىللىق پىلان (1981 ــ 1986 ـ يىللىرى) مەزگىلىدە، دۆلەت 8 مىليارد 222 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى؛ 7 ـ بەش يىللىق پىلان (1986 ــ 1990 ـ يىللىرى) مەزگىلىدە، دۆلەت 17 مىليارد 939 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 9 مىليارد 717 مىليون يۈەن كۆپ بولدى؛ 8 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا (1991 ــ 1994 ـ يىللىرىدا) دۆلەت 52 مىليارد 451 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ 7 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 34 مىليارد 512 مىليون يۈەن كۆپ بولدى. دۆلەت سېلىنمىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتتىكى تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئىشىدا ئىگىلىگەن سالمىقى زورايدى. 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى شىنجاڭنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتتىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلىغىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 55.13% بولدى؛ 8 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا 63.28% بولۇپ، 8.15% كۆپەيدى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان بۇ مەبلەغ تاشقى ئامىلدىن بولىدىغان كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىچكى ئامىلدىن بولىدىغان كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش پرىنسىپى بويىچە، نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان زور مىقداردىكى مەبلەغ خەلق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ماددىي تېخنىكا ئاساسىغا ئايلاندى.

دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا غايەت زور سېلىنما سالغاندىن باشقا، ھەر خىل مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ جەھەتتىمۇ زور سوممىلىق مالىيە قوشۇمچە ياردىمى بەردى. 1950 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 31 مىليارد 184 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مالىيە چىقىمى 72 مىليارد 216 مىليون يۈەن بولغان،

دۆلەتنىڭ مالىيە قوشۇمچە ياردىمى 40 مىليارد 574 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ 56.18 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

2. دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قوللانغان چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى ۋە بەرگەن ئېتىبارلىق سىياسەتلىرى.

80 - يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى جەھەتتە بەزى چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا بىر قاتار ئېتىبارلىق سىياسەتلەرنى بەردى.

1) بىر قاتار چوڭ - چوڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى يولغا قويدى.

(1) دۆلەت شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، غەربىي شىمال پىلانلاش يىغىنى چاقىرىپ، ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىش، غەربىي شىمال چوڭ يولىنى قۇرۇش ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى ھەمدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى رايونىنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي شىمال لىنىيىسىدىكى ئىقتىسادىي بەلباغ ۋە غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي بەلباغنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بەلبېغى دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

(2) 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، غەربىي شىمال رايونىنى ئېچىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە يولغا قويۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «تارىمنى مۇھىم نۇقتا قىلغان غەربىي قىسمىدىكى رايون نېفىت - گاز بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش» تىن ئىبارەت نېفىت سانائىتى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى زور كۆلەملىك نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «كەسپ ئاساسىي

كۆچىكىگە تايىنىپ ، ئىجتىمائىي ئاساسنى تايانچ قىلىپ ، ھەر تەرەپلىمە پىلانلاپ ، بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش » پرىنسىپى بويىچە نېفىت ئېچىشنى يولغا قويۇپ ، شىنجاڭنىڭ ، بولۇپمۇ نېفىتلىك ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يېتەكلىدى . نېفىت ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ نېفىت ـ خىمىيە سانائىتىنى مۇناسىپ ھالدا راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، دۆلەت شىنجاڭنى نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ ، نېفىت خىمىيە سانائىتىنى جايلاشتۇرۇش جەھەتتە شىنجاڭغا مايىل بولۇپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مايتاغ ئېتىلىن قۇرۇلۇشى ، مايتاغ ئالكىل بېنزو قۇرۇلۇشى ، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش شىركىتىنىڭ پولى ئېستىر قۇرۇلۇشى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ نېفىت ، تەبىئىي گاز ، خىمىيە سانائىتى تۈرلىرىگە مەبلەغ سالدى ۋە ئۇنى قۇردى .

(3) شىنجاڭنى دۆلەتنىڭ مۇھىم پاختا بازىسى قىلىپ بېكىتتى . دۆلەت شىنجاڭدا 15 ناھىيىنى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يەتتە شىسىنى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن قىلىپ بەلگىلىدى . دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا ، ئاقسۇ شەھىرى ، بۈگۈر ناھىيىسى ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ، شىخو ناھىيىسى ، يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىككىنچى تۈركۈمدىكى پاختا بازىسى قاتارىغا ، تۇرپان شەھىرى داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تاۋار پاختا بازىسى قاتارىغا ، قاغىلىق ناھىيىسى ، كۇچا ناھىيىسى ، ئاۋات ناھىيىسى دۆلەتنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى پاختا بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە مەدەت بېرىلدى .

(4) پۈتۈن مەملىكەت پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدە « تۈر چۆقنى بېسىش ، ئۆزگەرتىش ، غەربكە كۆچۈرۈش » تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يولغا قويۇشقا باشلىدى . دۆلەت توقۇمىچىلىق باش جەمئىيىتى « پاختا توقۇمىچىلىق ئىقتىدارىنى رايون بويىچە يۆتكەشنى يولغا قويۇش چارىسى » نى جاكارلاپ ، « دېڭىز بويلىرىدىكى

تەرەققىي قىلغان رايونلار ۋە مەركىزىي شەھەرلەر پاختا توقۇمىچىلىقىدىكى دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارغا يۆتكەيدۇ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋە غەربىي قىسمىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار ئۆز جايىنىڭ خام ئەشيا ۋە ئەمگەك كۈچى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەسىپلەرنىڭ راۋاجلىنىش يۆنىلىشىگە مۇۋاپىق كېلىش شەرتى ئاستىدا، رايون، مۇلۇكچىلىك ئاتلاپ بىرلىشىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن پاختا توقۇمىچىلىقىدىكى دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەش مەھسۇلاتىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە راۋاجلاندۇرىدۇ» دېگەن پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەدى ھەمدە شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقىنى غەربكە كۆچۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

(5) تەبىئىي بايلىقنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال قاتارلىق تەبىئىي بايلىقنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش تەتقىقاتىنى دۆلەتنىڭ 7 ـ، 8 ـ بەش يىللىق پىلانلىرى مەزگىلىدە زور پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى (قىسقارتىپ 305 تۈرى دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە پەن تەتقىقات مەبلىغى جەھەتتە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال كان بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش ئىشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى.

(6) 1992 ـ يىلى دۆلەت «دېڭىز ياقىلىرى، دەريا بويلىرى ۋە چېگرا ياقىلىرى» نى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشىدىكى مۇھىم كۆزنەك ۋە ئاساسلىق ئىشىككە ئايلاندى. ئۈرۈمچى ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق تەرەققىيات رايونى تەسىس قىلىشنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەستىقلىدى، ئۈرۈمچى، كۈيتۇن، شىخەنزە، غۇلجا، بورتالا، چۆچەكتىن ئىبارەت ئالتە شەھەرنى چېگرا ياقىسىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىشنى ۋە ئىلى، بورتالا، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى چېگرىدىكى ئىقتىسادىي

ھەمكارلىق رايونى قىلىشنى، 13 ئېغىزنى سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىشنى، ئىككى ئېغىزنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى ئالغا سىلجىتتى.

2. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا مۇناسىپ ئېتىبارلىق سىياسەت بەردى.

1) ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتە، شىنجاڭغا سەككىز ماددىلىق ئېتىبارلىق سىياسەت بەردى:

بىرىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسى 30 مىليون دوللاردىن تۆۋەن بولغان، قۇرۇلۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش شەرتلىرىنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى ھاجەتسىز بولغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىسا ھەمدە تەستىقلاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرسە ۋە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى رويخەتكە ئېلىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بەرسە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. 1 مىليون دوللاردىن تۆۋەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىنى شۇنىڭدەك 100 كىشىلىكتىن تۆۋەن بولغان ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىق تۈرى ۋە ئۇ تۈرلەرنىڭ تەكلىپنامىسى، مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى، توختاملىرىنى ئاپتونوم رايون تەستىقلايدۇ.

ئۈچىنچى، شىنجاڭدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت تىجارىتى ھوقۇقى بولغان كارخانىلار مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ چېگرا ياقىلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە چېگرا ئېغىزى بولغان شەھەر، ناھىيىلەر بىردىن چېگرا سودا شىركىتى قۇرسا بولىدۇ. شىنجاڭغا قارىتىلغان مال ئالماشتۇرۇش سودىسىغا دائىر ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرى (دۆلەت ئىمپورت قىلىشنى چەكلەيدىغان ماشىنا ـ ئېلېكتر سايمانلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان جايى مۇستەقىل دۆلەتلەر

بىرلەشمىسى بولغانلىرى ) 1995 - يىلىدىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلىدۇ . تىجارەت قىلىش ھوقۇقى بولغان كارخانىلار ئۆزى تىجارەت قىلسا بولىدۇ ، ئىمپورتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بىجىرمەيدۇ . ئىمپورت قىلىنىشقا ئىجازەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

تۆتىنچى ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىشكە ، دېڭىز بويلىرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا دۆلەت قوشۇلىدۇ .

بەشىنچى ، غۇلجا ، بورتالا ، چۆچەكتىن ئىبارەت چېگرىدىكى شەھەرلەرنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىشكە . بۇ شەھەرلەردە گوۋويۈەننىڭ [ 1992 ] 21 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە خېيخې قاتارلىق تۆت چېگرىدىكى شەھەرگە بېرىلگەن تۈرلۈك سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا دۆلەت قوشۇلىدۇ .

ئالتىنچى ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېزلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ چېگرا سودىسىدا ، دۆلەت بەلگىلىگەن ھازىرقى تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويغاندىن باشقا ، سىياسەتنى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىشكە بولىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولى ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ھەممىسى قويۇۋېتىلىدۇ . مال ئالماشتۇرۇش تىجارىتى ھوقۇقىغا ئىگە بولغان كارخانىلار ئۆزى تىجارەت قىلىشقا بولىدۇ . تەكشۈرۈپ - تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بىجىرمەيدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چېگرىغا جايلاشقان ۋىلايەت ، ئوبلاستلار ۋە شەھەر ، ناھىيىلەر بىردىن چېگرا سودا شىركىتى قۇرسا بولىدۇ . تىجارەت ئىقتىدارى بولغان باشقا كارخانىلارمۇ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، مال ئالماشتۇرۇش سودىسى كەسپى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ، 1992 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە

قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ھەر يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا پاكىستاندىن 50 دانىدىن ئاپتوموبىل ئىمپورت قىلسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىمپورت بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئالاھىدە ئىستېمال بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە شۇ ئورۇنلاردىن چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ئۇلار خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قوشنا دۆلەتلەرگە بېرىپ ئىقتىساد، سودا، ئەمگەك مۇلازىمىتى پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خادىملار (ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ چەت ئەلگە چىقىشىنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىسا ھەمدە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ - تەستىقلاپ پاسپورت تارقىتىپ بېرىش، بىر يىلدا كۆپ بېرىش - كېلىشتە كۈچكە ئىگە بولۇش چارىسىنى يولغا قويسا بولىدۇ.

سەككىزىنچى، جۇڭگو خەلق بانكىسى كۆچمە مەبلەغ قىلىش ئۈچۈن 100 مىليون يۈەن خەلق پۇلى كۆپەيتىپ قەرز بېرىدۇ، ئۇ شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

2) مائارىپ جەھەتتە دۆلەت مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 1990 - يىلدىن باشلاپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەر يىلى شىنجاڭغا 800 دىن 1000 نەپەرگىچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى تەربىيىلەپ بېرىدۇ. تەربىيىلەش خىراجىتىنى دۆلەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

3) بانكىنىڭ قەرز بېرىشى جەھەتتە، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو خەلق بانكىسى «كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەرز پۇلى» ۋە «يەرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەرز پۇلى» تەسىس قىلغان ھەمدە ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ جايلار ۋە تەرەققىي

تاپىمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭغا ھەر يىلى 85 مىليون يۈەندىن 280 مىليون يۈەنگىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ؛ نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن نامراتلارنى يۆلەش بويىچە دېكونتلۇق پۇل قەرز بېرىشنى تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى شىنجاڭغا 50 مىليون يۈەندىن 90 مىليون يۈەنگىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ؛ دۆلەت مالىيىسى جەھەتتە تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر يىلى شىنجاڭغا 15 مىليون يۈەندىن 48 مىليون يۈەنگىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

4) ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە. شىنجاڭدىكى يەرلىك كىچىك تىپلىق تۇرلەرگە ئادەتتىكىدىن تاشقىرى نورمىلىق سومما بويىچە مەبلەغ سېلىپ قوشۇمچە ياردەم بېرىپ كەلدى؛ شىنجاڭدىكى چوڭ تىپتىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى تۈرلىرىدە دۆلەت ئۈستىگە ئالىدىغان مەبلەغ سېلىش سالمىقى 50 پىرسەنتتىن - 80 پىرسەنتكىچە كۆپەيتىلىپ كەلدى (ئادەتتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا دۆلەت ئۈستىگە ئالىدىغان مەبلەغ 50 پىرسەنتتىن ئاشمايدۇ).

5) شىنجاڭنىڭ شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش ستراتېگىيىسىگە مەدەت بېرىش جەھەتتە، دۆلەت شىنجاڭنىڭ باشقا ئۆلكىلەرنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ پاختا بازىسى قۇرۇپ، ھەقنى پاختا بىلەن تۆلەش چارىسىنى يولغا قويۇشىغا مەدەت بەردى ھەمدە پاختا يۆتكەش پىلانىدا ھەمكارلىق پاختا كۆرسەتكۈچى ئورۇنلاشتۇردى.

6) خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە، دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاپ، كېسەلدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم خىزمەتلەردىن بىرى قاتارىغا قويۇپ، پىلاندا ئۈچ يىل ئىچىدە 3 مىليون 700 مىڭ كىشىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 200 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئورۇنلاشتۇردى؛ شىنجاڭدىكى توكى يوق ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 80 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇردى؛

1984 ـ يىلىدىن باشلاپ، دۆلەت جەمئىي 744 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي ئەسلىھەلىرى، ناھىيە، يېزا يوللىرى ۋە يېزا ـ كەنت پوچتا ـ خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى.

3. شىنجاڭنىڭ ئۇلتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەدەت بەردى.

مەبلەغ سېلىش جەھەتتە زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى. 1985 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە، دۆلەت تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە شىنجاڭغا ئىنتايىن زور مەدەت بېرىپ، 47 مىليارد 151 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قوش رېلىسلىق لىنىيىسى قۇرۇلۇشى، شىئەن ـ لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ قىسمىدىكى قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭ سانلىق مىكرو دولقۇن قۇرۇلۇشى، خوتيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، داسەنكو سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ نېفىتلىكى، تۇرپان ـ قومۇل نېفىتلىكى، تارىم نېفىتلىكى، مايتاغ ئېتىلىن قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە شىركىتىنىڭ 2 ـ يۈرۈشلۈك خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ۋە پولى ئېستېر قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئىشقار زاۋۇتى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ 3 ـ، 4 ـ نومۇرلۇق ئوچاقلىرى قۇرۇلۇشى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

## ئىككىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

40 نەچچە يىل مابەينىدە، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى نەتىجىلىرى

كۆرۈنەرلىك بولدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىپ، مەملىكەت بويىچە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسىغا ئايلاندى، پاختىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى. سانائەتتە تۈرى بىر قەدەر تولۇق، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. قاتناش، ئېنېرگىيە قاتارلىق ئاساس ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلەتىلدى. تاشقى ئىقتىساد سودا زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق جامائەت ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى.

1. بوستان يېرىك يېزا ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ ئاساسي دائىرىسى قۇرۇپ چىقىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق ئورنى كۈچەيتىلدى.

40 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ «بوستانلىق ئېكولوگىيىسى، سۇغۇرۇلىدىغان يېزا ئىگىلىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يېرىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى بويىچە زور كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى، ئىگەرچى سۇ ئامبىرى، شىخۇ لياۋگۇ سۇ ئامبىرى، ساۋەن موگۇ كۆلى سۇ ئامبىرى، ماناس سەكرەش سۇ ئامبىرى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شىكەركۆل سۇ ئامبىرى، ئۇلانباي سۇ ئامبىرى، ئاۋات يۇقىرى ئۆرلەش سو ئامبىرى، بۇرۇلتوقاي سۇ ئامبىرى، ئاقسۇ غالىبىيەت سۇ ئامبىرى، مارالبېشى ئاناركۆل سۇ ئامبىرى، ئالتاي كۆكتوقاي سۇ ئامبىرى قاتارلىق 472 سۇ ئامبىرى ياسالدى، 302 مىڭ كىلومېتر ئۆستەڭ، 500 دىن ئارتۇق ئورۇندا چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق سۇغۇرۇش رايونى ياساپ چىقىلدى. 1994 - يىلى سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ سىغدۇرۇش كۆلىمى 5 مىليارد 930 مىليون كۇب مېترغا، ئومۇمىي سۇ باشلاش مىقدارى 48 مىليارد كۇب مېترغا، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 58 مىليون 600 مىڭ موغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمانلىقى بىلەن ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىقى بىرلەشتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى ئۈنۈۋېرسال ئىھاتە ئورمانلىقى سىستېمىسى 16 تەبىئەتنى

قوغداش رايونى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىلدى، سۇ، ئوتلاق، ئې-
تىزلىق، ئورمان، يول، چارۋىچىلارنىڭ تۇرار جاي نۇقتىلىرى
يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن ئوتلاق چارۋىچىلىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش را-
يونى، يۇگلۇق، گۆشلۈك چارۋا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى سىستېمىسى شۇنىڭدەك چارۋىچىلىق مۇلا-
زىمەت ئەسلىھەلىرى سىستېمىسى، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى 250 مىڭ
كارخانىدىن تەركىب تاپقان يېزا - بازار كارخانىسى ئىشلەپچىقىرىش
سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلدى. سۇنئىي، تەبىئىي سۇ يۈزلىرىگە تايىنىپ
راۋاجلانغان بېلىقچىلىق مەيدان - نۇقتىلىرى شۇنىڭدەك 400 دىن ئارتۇق
هاۋارايى ئىستانسىسى پونكىتلىرىدىن تەركىب تاپقان هاۋارايىنى
مۆلچەرلەش، ئالدىن مەلۇم قىلىش سىستېمىسى ۋە هاۋارايى مۇلازىمەت
سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ بىر قاتار ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت
ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇپ چىقىلىشى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلۇشى يېزا
ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، يېزا ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرى قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق،
ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقى-
رىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا راۋاجلىنىشىنى
ئىلگىرى سۈردى. 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 46 مىل-
يون 500 مىڭ موغا يېتىپ، 1949 - يىلىدىكى، 1955 -
يىلىدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم هالدا %157، %84 كېڭەيدى. ئاشلىق،
پاختا، قىزىلچا ئومۇمىي مەهسۇلاتى 6 مىليون 661 مىڭ 700 تونna، 882
مىڭ 100 توننا، 2 مىليون 992 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 1978 - يىلىدى-
كىدىن %80، 15 هەسسە ۋە 17 هەسسە ئۆستى. چارۋىنىڭ يىل
ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 35 مىليون 990 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1978 -
يىلىدىكىدىن %45.3 ئاشتى. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئازادلىقنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 1.03 پىرسەنتتىن ئۆرلەپ 1.57 پىرسەنتكە يەتتى.
يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 500
مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلىدىكىدىن 30 هەسسە كۆپەيدى. يېزا

ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1978 ـ يىلدىكىدىن 1.18 ھەسسە كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساسلىق ئورنى مۇستەھكەملەندى ۋە خەلق تۇرمۇشى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان، قىزىلچا، گۆش قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولدى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى، بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىش مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى، مايلىق دان ۋە ئاشلىق، قىزىلچىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى. پاختىنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان بولدى، ياغ، مېۋە ـ چېۋىنىڭ بىر قىسمى ئىچكى جايلار ۋە خەلقئارادىكى بازارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان بولدى.

2. ئېنېرگىيە سانائىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلدى.

40 نەچچە يىل مابەينىدە شىنجاڭنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشىدا مول دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بايلىقى ۋە كان بايلىقىنى تايانچ قىلىپ، پەيدىنپەي يۈكسىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە 58 مىڭ 500 سانائەت كارخانىسى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا 177 بولدى. بۇ كارخانىلار مەۋقەنى ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا قويۇپ، پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ ۋە زورىيىپ، تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان سانائەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى قاتارلىقلار تەرەققىي قىلىپ ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىدە تۈۋرۈك كەسىپلەرگە ئايلاندى. پولات ـ تۆمۈر، ماشىنا ـ ئېلېكتر، خىمىيە

سانائىتى بەلگىلىك كۆلەمگە ۋە پۇختا ئاساسقا ئىگە بولدى. رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار سانائىتىدە يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار سانائىتى زاپاس بازىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد بار. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ سانائەت تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشى داۋامىدا، زور بىر تۈركۈم زامانىۋى كارخانىلار پەيدىنپەي ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ زامانىۋى كارخانىلاردىن يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى جەھەتتىكىلىرى مۇنۇلار: شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتى، يەنجى شېكەر زاۋۇتى، سانجى شېكەر زاۋۇتى، شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بوستان ئۈزۈن تالالىق پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ خوتەن يىپەك - تاۋار زاۋۇتى قاتارلىقلار؛ ماشىنا - ئېلېكترون سانائىتى جەھەتتىكىلىرى: شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى، شىنجاڭ سىمسىز رادىئو 1 - زاۋۇتى قاتارلىقلار؛ نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى جەھەتتىكىلىرى: شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، مايتاغ نېفىت چىكىتلەش زاۋۇتى، پوسكام نېفىت خىمىيە زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى، مايتاغ ئېتىلېن زاۋۇتى قاتارلىقلار؛ كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى جەھەتتىكىلىرى: قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، تىيىچاڭگو ئۈستى ئۇچۇق كۆمۈر كېنى، خوگيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئىلى توقاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، داسەنكو سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشدەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار؛ خىمىيە سانائىتى جەھەتتىكىلىرى: قارامايى خىمىيە زاۋۇتى، شىنجاڭ قۇمۇل ئىشقار زاۋۇتى، ئۈرۈمچى بالون زاۋۇتى قاتارلىقلار؛ بىناكارلىق ماتېرىيالى ۋە رەڭلىك، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار سانائىتى جەھەتتىكىلىرى: «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى،

شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ، قىزىلبويى سېمونت زاۋۇتى ، ئۈرۈمچى ئالىيۇمىن زاۋۇتى ، قارا تۇڭگې تۇچ ـ نېكىل كېنى ، ئالتاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى ، فۇكاڭ نېكىل تاۋلاش زاۋۇتى قاتارلىقلار .

بۇ زور بىر تۈركۈم زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇپ چىقىلىشى ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ كەسىپ قۇ-رۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇش ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش جەھەتتە مۇھىم روللارنى ئويناپلا قالماستىن ، بەلكى شىنجاڭ سانائىتىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش جەھەتتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناماقتا . مەسىلەن ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ، خوتەن ۋىلايەتلىرى ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى چەت ـ ياقا رايونغا جايلاشقان بولۇپ ، قاتنىشى قولايسىز ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان ، سانائەت ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى . بۇ جايلارنىڭ سانائەت ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ھەر يىلى نەچچە مىڭ چاقىرىم جايلاردىن بېنزىن ، كىرسىن ، دې-زىلىن . خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى ، تەمىنلەش ـ تەلەپ زىددىيىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىدى ، قىممەت ترانسپورت خىرا-جىتى بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى ئاپتونوم رايون مالىيىسىمۇ ئۈستىگە ئالالمايتتى . 1977 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش جېڭىگە قوماندانلىق قىلىش شتابى كۆكيار نېفىت گازلىقىنى تاپتى ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى . 1983 ـ يىلى گوۋۇيۈەن پوسكامدا نېفىت خىمىيە زاۋۇتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى ھەمدە ئۇنى دۆلەتنىڭ 7 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە نۇقتىلىق يار ـ يۆلەك بولىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزدى . 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، دۆلەت پىلان كومىتېتى لايىھىلەش ۋەزىپىنامىسىنى تەستىقلاپ ، مۆلچەرەن مەبلەغ سوممىسى 547 مىليون يۈەن بولۇشنى بەلگىلىدى . پوسكام نېفىت خىمىيە زاۋۇتى 80 ـ يىللارنىڭ ئىلغار تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان

زامانىۋى ئۈتتۈرا تىپلىق نېفىت خىمىيە بىرلەشمە كارخانىسى بولۇپ، 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلاندى، قۇرۇلۇش تۈرى ئۈچ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، يەتتە يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇشتىن تەركىب تاپتى. 1988 ـ يىلى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە جەمئىي 930 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىدى. 700 مىڭ توننا تەييار نېفىت، 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئورىيا ئىشلەپ چىقاردى، بۇ كارخانا ئىشلەپ چىقارغان ماي، خىمىيىۋى ئوغۇت، نېفىت گازى ئارقا ـ ئارقىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ بازارلىرىغا سېلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ «ماي، ئوغۇت كەم بولۇش» زىددىيىتىنى پەسەيتتى. ماي، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلار شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىن سېتىۋېلىنىدىغان بولغاچقا، دۆلەت ۋە ئاھالىلەرنىڭ ھەر يىلى نەچچە يۈز مىليون يۈەنلىك ترانسپورت خىراجىتى تېجەپ قېلىندى. يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەر پوسكام نېفىت خىمىيە زاۋۇتىنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ، يېزا ـ بازار كارخانىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردىكى 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ راۋاجلىنىشىنى يېتەكلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىرىمىنى يىلدىن ـ يىلغا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

40 يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى. 1994 ـ يىلى 11 مىليون 566 مىڭ توننا نېفىت، 26 مىليون 333 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى، توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 10 مىليارد 617 مىليون كىلوۋات سائەت بولدى، بۇ 1978 ـ يىلىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2.3 ھەسسە، 1.4 ھەسسە ۋە تۆت ھەسسە كۆپەيدى؛ پاختا يىپ 197 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 6.1 ھەسسە ئاشتى؛ ماشىنا قەنت 284 مىڭ توننا بولۇپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 12.7 ھەسسە ئاشتى؛ پولات 664 مىڭ توننا، سېمونت 4 مىليون 482 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 6.8 ھەسسە ۋە 4.7 ھەسسە ئاشتى؛ كىسلاتا 49 مىڭ 500 توننا، ئىشقار 32 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 1.4 ھەسسە ۋە 6.7 ھەسسە ئاشتى؛

خىمىيىۋى ئوغوت 345 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 16 ھەسسە ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليارد 52 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 4.8 ھەسسە ئاشتى. سانائەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئېھتىياجنى قاندۇرغاندىن باشقا، ئۇنىڭدىن ھەر يىلى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارلارغا 5 مىليون توننا نېفىت، 2.5 مىليون توننا تەييار نېفىت، 2 مىليون توننا كۆمۈر، 200 مىڭ توننا ماشىنا قەنت ۋە زور مىقداردا پاختا يىپ، پاختا رەخت، يۇڭ رەخت ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئەمبىاپ ماشىنىلار يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولدى.

3. قاتناش، پوچتا ـ خەۋەرلىشىش، سودا ئىگىلىرى قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاساس ئەسلىھەلىرى قالاق بولۇش قىياپىتى ئۆزگەرتىلىپ، مەبلەغ سېلىش شارائىتى ياخشىلاشتۇرۇلدى.

40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي شەھىرى — ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەتتە دۆلەت يولىنى ئاياغ قىلغان، شەرقتە گەنسۇ. چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىدىغان، جەنۇبتا شىزاڭغا قاتنايدىغان ھەمدە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 68 ئۆلكە يولىنى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر ۋە مۇتلەق زور قىسىمدىكى يېزا ـ بازارلارنى باغلاپ تۇرىدىغان قاتناش تورى شەكىللەندۈرۈلدى. ئاپتوموبىل قاتناش مۇساپىسى 28 مىڭ 611 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 20% ئاشتى. تۆمۈريول ئۈرۈمچى، كورلا، ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە قاتنىدى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى تۆمۈريول لىنىيىلىرىنىڭ قاتناش مۇساپىسى 1812.9 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 76% ئاشتى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى جەھەتتە ئۈرۈمچى ئايرودرومى قاتارلىق 11 ئايرودروم يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، ئۈرۈمچىدىن ئالمائاتا، تاشكەنت، موسكۋا، ئىسلامئاباتقا

قاتنايدىغان خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە قاتناش لىنىيىسى، شياڭگاڭغا قاتنايدىغان ئايروپىلان هۆددىگە ئېلىش ئاۋىئاتسىيە قاتناش لىنىيىسى ئېچىلدى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان هالدا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى 30 نەچچە چوڭ، ئوتتۇرا شەهەرنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاستنى، شەهەرنى تۇتاشتۇرىدىغان هاۋا ترانسپورت تورى شەكىللەندى. هاۋا قاتنىشى مۇساپىسى 108 مىڭ 100 كىلومېتىرغا يەتتى. نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تۇرۇبا ترانسپورتى مۇساپىسى پەيدىنپەي ئۇزىراپ 1465 كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - خەۋەرلىشىش كەسپىدە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى سىمسىز خەۋەرلىشىشنى ئاساس قىلىشتىن سىملىق خەۋەرلىشىشنى ئاساس قىلىشقا بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغاندى، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى سىملىق خەۋەرلىشىشتە پۈتۈنلەي ئۇچۇق سىم ئارقىلىق يەتكۈزۈشكە تايىنىش ۋەزىيىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، 80 - يىللارغا ۋە 90 - يىللارنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇر كابېل، توك كابېل، سانلىق مىكرو دولقۇن، يەر شارى هەمراسى ئارقىلىق خەۋەرلىشىش راۋاجلاندۇرۇلدى، ئۇزۇن مۇساپىلىك پروگراممىلىق خەۋەرلىشىش، سىمسىز چاقىرىش، يۆتكىلىشچان خەۋەرلىشىش قاتارلىق زامانىۋى خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان سىتېرېئولۇق، كۆپ ئىقتىدارلىق خەۋەرلىشىش - توشۇش سىستېمىسى ۋە ئاپتوماتلىشىشنى ئاساس قىلغان خەۋەرلىشىش - ئالماشتۇرۇش تورى شەكىللەندۇرۇلدى. هەر قايسى جايلاردىكى شەهەرلەردە چەت ئەلگە ئېچىلىدىغان سەيلە - ساياهەت مېهمانخانىسىدىن 57 سى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 6046 ئېغىز ئۆيى بار. سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئېغىز 15 كە يەتكۈزۈلۈپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە ئېغىزى ئىككى، قۇرۇقلۇق يولى ئېغىزى 13)، باشقۇرۇش، ئىشخانا، ئىسكىلات - ساقلاش، قاتناش، مۇلازىمەت قاتارلىق ئەسلىهەلەر قۇرۇلۇشى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلدى. قۇرۇقلۇق يولى ئېغىزلىرىدا 4 مىليون 300 مىڭ توننا مال، 1 مىليون 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) يولۇچى ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى شەكىللەندۇرۇلدى. شىنجاڭدا ئۇنىۋېرسال، كۆپ

ئىقتىدارلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىل-لىنىپ، ئەسلىدىكى قاتناش توسۇلۇپ قېلىش، خەۋەرلىشىش راۋان بولماسلىق، تۇرمۇش قولايسىز بولۇش، يۇرۇش - تۇرۇش قىيىن بولۇش-تەك قالاقلىق قىياپىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سىرتتىن مەبلەغ سالغۇچىلار، سەيلە - ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى كۈچەيتىلدى.

4. تاشقى يۈنىلىشلىك كەسپلەر، ئىچكى - تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەش تىپىدىن تاۋار تىپىغا، يېكىنمە تىپىدىن ئېچىۋېتىش تىپىگە بۇرۇلۇشى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

40 نەچچە يىل مابەينىدە ئوبوروت كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان تۇراق-لىق مۈلۈك ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلدى. ئاساسلىقى سودا، ترانسپورت ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنىكا جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىش، يېڭىلاشقا ئىشلە-تىلدى. تاشقى سودا، سودا، تەمىنات - سودا، ئاشلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ تىجارەت، ئىسكىلات - ساقلاش، سوغۇق ساقلاش ئەسلىھە-لىرى، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قاتارلىقلىرى غايەت زور تور - نۇقتا سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، پۈ-تۈن شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا ۋە چېگرا ئېغىزلىرىغا تارقالدى. بۇ ئەسلىھەلەر ئىچكى - تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساسىي ماددىي ۋاسىتىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئىستېمال بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تاشقى يۈنىلىشلىك ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بايلىق ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، كېۋەز، قىزىلچا تېرىقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىق، قەنت ئىشلەش، نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتى قاتارلىق سانائەتلەر زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، تاشقى يۈنىلىشلىك كەسپلەرنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. 1994 - يىلىدىكى

ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق سانائەت، يېزا - ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرغاندىن باشقا، ھەر يىلى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى بازارلارنى 500 مىڭ توننا پاختا، 200 مىڭ توننا ماشىنا قەنت، 5 مىليون توننا نېفىت، 2 مىليون 500 مىڭ توننا تەييار نېفىت، 2 مىليون توننا كۆمۈر ۋە زور مىقداردا پاختا يىپ، پاختا رەخت، يۇڭ رەخت قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. 1994 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 19 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 7 ھەسسە ئاشتى.

تاشقى سودىدا بىر تۈركۈم ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ۋە ھەر خىل ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن خېلى تولۇق بايلىق مەنبەسى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 1994 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 نەچچە كەسىپنىڭ 200 خىلغا يېقىن تاۋارلىرى بەش چوڭ قىتئەدىكى 58 دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 23 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 42.6 ھەسسە ئاشتى: بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 571 مىليون دوللارغا، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 452 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1978 - يىلدىكىدىن 60 ھەسسە ۋە 31 ھەسسە ئاشتى.

يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەبلەغ، تېخنىكا كىرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 1984 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش تۈرى توختامى 8031 تۈر بولۇپ، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 3 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرلىشىپ ئاچىدىغان، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىپ زاۋۇت قۇرىدىغان، تولۇقلاش سودىسى قىلىدىغان شەكىللەر بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن

مەبلەغ 1 مىلىيارد 850 مىليون يۈەن بولدى . بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى ، كان ئېچىش ۋە پاختا توقۇمىچىلىق ، يېنىك سانائەت ، خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى ، قۇرۇپ چىقىلغان ھەمكارلىق تۈرلىرىدىن ھاسىل بولغان يېڭى مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 3 مىلىيارد 900 مىليون يۈەنگە ، ئىشلەپچىقىرىلغان ئېكسپورت مەھسۇلاتى 30 نەچچە خىلغا يەتتى . 1980 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە كىرگۈزۈلگەن ، پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 900 مىليون دوللارغا يەتتى . بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، مۇھىتنى تۈزەش ، بايلىق تەكشۈرۈش ، ئاساس ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى . نەچچە ئون دۆلەت ( رايون ) نىڭ سودا ـ سانائەتچىلىرى شىنجاڭغا كېلىپ . ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش . شېرىكلىشىش ، ھەمكارلىشىش شەكىللىرىنى قوللىنىپ ، 652 كارخانا قۇردى . 1994 ـ يىلى « ئۈچ خىل مەبلەغ » كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 74 مىليون يۈەنگە يېتىپ . تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 7.4 پىرسەنتتىنى ئىگىلىدى .

5 . ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن ئىقتىساد ماسلىشىپ راۋاجلىنىپ ، ئاھالىنىڭ ساپاسى . خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇش دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايون مائارىپ ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئاۋۋال راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئورۇنغا قويۇپ ، ئادەتتىكى مائارىپ ، ئاساسىي مائارىپ بىلەن كەسپىي مائارىپ ، چوڭلار مائارىپىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مائارىپ تورى سىستېمىسىنى پەيدىنپەي قۇرۇپ چىقتى . 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق ، 1994 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 21 ئالىي مەكتەپ ، 114 ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇم ، 1830 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ، 157 كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ، 7117 باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 44 چوڭلار ئالىي مەكتىپى ، 105 چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ، 808 چوڭلار كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى بار بولدى . ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 97.06 پىرسەنتكە

يەتتى ، ھەر 10 مىڭ كىشىگە توغرا كېلىدىغان ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇ-
غۇچى سانى 26 كىشىگە يېتىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە
سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى . 40 يىلدىن بۇيان ، ئالىي مەكتەپلەردە زور
مىقداردىكى كەسپىي ، تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملىرى يېتىشتۈرۈلدى
ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور تۈركۈمدىكى
كەسپىي ، تېخنىكا كادىرلىرى يۆتكەپ كېلىندى . 1994 - يىلىغا كەلگەندە ،
پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر تۈردىكى كەسپىي ، تېخنىكا
خادىملىرى 459 مىڭ كىشىگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت
كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 181 مىڭ كىشىگە يېتىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز
قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 37.3 ھەسسە ئاشتى . مەدەنىيەت
يۇرتى ، مۇزېي ، كۇتۇپخانا ، كىنوخانا ، كىنو ستۇدىيىسى قاتارلىقلاردىن
تەركىب تاپقان مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە
شەكىللىنىپ ، خەلق ئاممىسى ئۇچۇن كەڭ كۆلەمدە مەدەنىيەت ، مائارىپ ،
كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمىتى يەتكۈزۈپ بەردى . پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان
رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى شەكىللىنىپ ، كۆپ خىل مىللەت تىللىرىدا
پروگراممىلار ئاڭلىتىلىدىغان ، كۆرسىتىلىدىغان بولدى . رادىئونىڭ ئاھا-
لىنى قاپلاش نىسبىتى 70.5% ، تېلېۋىزورنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 72
پىرسەنتكە يەتتى . مىڭغا يېقىن نەشرىيات ، گېزىتخانا ، باسما زاۋۇتى ،
كىتابخانىدىن تەركىب تاپقان ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسى ؛ ھەر
دەرىجىلىك دوختۇرخانا ، ئاياللار - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخا-
نىسى ، ساقلىق ساقلاش - كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ۋە يېزا -
بازارلاردىكى دوختۇرخانا كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىلىرىدىن تەركىب
تاپقان داۋالاش - ساقلىق ساقلاش تورى ۋە ۋىلايەت ، ناھىيىلەردىكى
پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرى ؛ 10 مىڭدىن ئارتۇق
تەنتەربىيە سارىيى ، مەيداندىن تەركىب تاپقان تەنھەرىكەت ئەسلىھەلىرى
سىستېمىسى ؛ شەھەرلەردىكى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ۋە يېزا - بازارلاردىكى
ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورنىدىن تەركىب تاپقان ، جەمئىيەتتىكى ئەڭ
نامرات ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئاساسىي مەق-

سەت قىلىنغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشى مۇتلەق زور قىسىمدىكى شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىسسىق كىيىنىپ، تويغۇچە ئوزۇقلىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1994 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامەت 935.5 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 816.3 يۈەن ئاشتى؛ يېزىلاردىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16.33 كۋادرات مېترغا يېتىپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 5.31 كۋادرات مېتر ئاشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى كىرىمى 4252 يۈەنگە يېتىپ، 1978 يىلىدىكىدىن 3435 يۈەن ئاشتى؛ شەھەرلەردىكى ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11.87 كۋادرات مېترغا يېتىپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 3.16 كۋادرات مېتر ئاشتى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى مىڭدە 7.68 پىرسەنتكە، بوۋاق باللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى مىڭدە 54 پىرسەنتكە چۈشتى، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر ئۆرلەپ 73 ياشقا چىقتى. ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

6. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 40 يىل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى قوغداپ، تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان تارىخىي ۋەزىپىسىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ،

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، خىزمەت ئەترىتى، جەڭگىۋار ئەترەتلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇس-تەھكەملەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشلىرىدىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ، تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قارىمىقىدىكى 14 شى (ئىدارە)، 172 تۇەن – مەيدان، 5036 سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى ۋە نۇرغۇن كەسپىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايو-نىمىزنىڭ 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھىرىگە تارقالغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ 2 مىليون 224 مىڭ ئاھالىسى، پىلان دائىرىسى ئىچىدە 14 مىليون 380 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى، 3 مىليون 680 مىڭ مو ئورمانلىقى ۋە باغ – ۋارىنى، 42 مىليون 350 مىڭ مو يايلىقى بار، يىل بويى 12 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر سۇ چىقىرىدۇ. بىڭتۇەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن – تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلارنىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، سىستېما شەكىللەندۈردى. بىڭتۇەننىڭ ئىشچى – خىزمەتچىلىرىمۇ 1955 – يىلىدىكى 112 مىڭ 200 كىشىدىن كۆپىيىپ 1994 – يىلى 946 مىڭ 500 كىشىگە يەتتى.

40 يىل جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق بىڭتۇەندە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان، بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بولغان خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسى ۋۇجۇتقا كەلدى.

يېزا ئىگىلىكى بىڭتۇەننىڭ ئاساسىي، شۇنداقلا بىڭتۇەننىڭ ئۈستۈنلۈكى. 1994 – يىلىغا كەلگەندە، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق، ئور-مانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 200 يۈەنگە يەتتى. 1994 – يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 107 مىڭ 300 توننىغا يەتتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 332 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ

7.83 پىرسەنتىنى، ئاپتونوم رايوندىكى پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 40.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 127 مىڭ 500 توننىغا؛ قىزىلچا 10 مىليون 75 مىڭ 700 توننىغا؛ قوغۇن ـ تاۋۇز 246 مىڭ 700 توننىغا؛ مېۋە ـ چېۋە 128 مىڭ 700 توننىغا يەتتى؛ بەلكى تاۋار نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەر يىلى دۆلەتنى زور مىقداردا تاۋار ئاشلىق، ياغ، پاختا، گۆش، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە بىلەن تەمىنلەپ كەلدى.

بىڭتۈەننىڭ سانائىتىنى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ چېگرىنى قوغداش»، دۆلەت ئىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش. يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كىيىم ـ كېچەك. يېمەك ـ ئىچمەكنى تېجەش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن. بىڭتۈەننىڭ سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ھازىر ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر، مېتاللورگىيە، ماشىنىسازلىق، يېنىك سانائەت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىكلەر، خىمىيىۋى سانائەت، تىببىي دورا قاتارلىق 10 چوڭ تۈر، 55 خىل سانائەت تارمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 3 مىليارد 400 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈككە ئىگە. 240 نەچچە مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، بىڭتۈەن ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان تۈرى، خىللىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششقلاپ ئىشلەشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئېنېرگىيە سانائىتى ۋە ئاساس سانائىتى مۇناسىپ ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، بەلگىلىك كۆلەمگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە (ھازىرقى باھاسى) يەتتى، پاختا يىپ، پاختا رەخت، يۇڭ رەخت، ماشىنا، قەغەز، قەنت قاتارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. نەچچە مىڭ خىل مەھسۇلات ئىچىدە 334 خىل مەھسۇلات ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەلا مەھسۇلات دېگەن نامغا

ئېرىشتى. پاختا، پاختا يىپ، يۇڭ رەخت، سولفاتلىق ئىشقار، چۇچۇكبۇيا مەلھىمى قاتارلىق مەھسۇلات خەلقئارا بازارغا كىرىپ، بىڭتۇەنىنىڭ ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلاتلىرىغا ئايلاندى.

بىڭتۇەن 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي سودا ۋە پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، بىڭتۇەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بىڭتۇەنىنىڭ تاشقى ئىقتىساد سودىسى ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى ئىنتايىن جانلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ، ياپونىيە، سىنگاپور، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، روسىيە، فرانسىيە، پولشا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق 50 دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1994 ـ يىلى بىڭتۇەنىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 141 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 81 مىليون دوللار بولدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقمۇ زور قەدەملەر بىلەن راۋاجلاندى. 1994 ـ يىلى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرىدىن 150 نى ئىمزالاپ، 98 نى ئىجرا قىلدى، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 134 مىليون يۈەن بولدى؛ رويخەتكە ئالدۇرغان كارخانا 51 بولۇپ، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 21 مىليون 892 مىڭ دوللار بولدى.

بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداۋاتقان 40 يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەنىنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا راۋاجلاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلىدى.

بىڭتۇەنىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىدا، تەتقىقات جەھەتتىمۇ، كېڭەيتىش ـ قوللىنىش جەھەتتىمۇ مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان، بىڭتۇەنىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىش-

لىرى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندى، پەن - تېخنىكا
تەرەققىياتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۆھپە ئۈ-
لۈشى ئايرىم - ئايرىم هالدا 30 پىرسەنتكە ۋە 40 پىرسەنتكە يەتتى. سۇلياۋ
يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، بىڭتۈەننىڭ مو
بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختا مەھسۇلاتى 1979 - يىلىدىكى 28
كىلوگرامدىن 1994 - يىلى 82.1 كىلوگرامغا يەتتى. 6 - بەش يىللىق پىلان
مەزگىلىدىن بۇيان 408 تۈردە بىڭتۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخ-
نىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 117 تۈرلۈك زور
پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 188
مىليون يۈەن بولدى «جوڭگو مېرىنو (شىنجاڭ ھەربىي بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش تىپلىق) ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى» ۋە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ
كېۋەز تېرىش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشى دۆلەت پەن - تېخنىكا
تەرەققىياتى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كېۋەز شادىسىدىن قەغەز
ياساش تېخنىكىسى دۆلەتنىڭ ئۈچقۇن پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا
ئېرىشىپ، پاختا بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى.

بىڭتۈەننىڭ مائارىپ ئىشلىرى پۈتكۈل بىڭتۈەن ئىشلىرىنىڭ ئا-
ساسى بولۇپ، بىڭتۈەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مائارىپ سىستېمىسى
شەكىللەندى. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىڭتۈەندىكى ھەر دە-
رىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەر 1041 غا، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 368 مىڭ
900 كىشىگە يەتتى. بىڭتۈەننىڭ تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش،
مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورايماقتا.

بىڭتۈەن — شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇ-
قىملىق ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم كۈچ. 40
نەچچە يىلدىن بۇيان، بىڭتۈەن جان دىل بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىل-
لىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك هالدا ئىجرا قىلدى.
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن - تېخنىكا ۋە

ماددي جەھەتلەردىن يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ كەلدى. بىڭتۇەن ئۆزى قۇرغان بەزى سانائەت، كان - كارخانىسى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى ھەقسىز ھالدا يەرلىككە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى تولۇقلىشىپ بەردى. بىڭتۇەن ئورغۇنلىغان چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلاردا مەسىلەن، ئېگىز تاغ، چۆللۈك - قۇملۇقلارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈر يول ۋە تاشيوللار، شۇنىڭدەك نۇرغۇن شەھەر - بازار، زاۋۇت، نېفىتلىك ۋە خەلقئارالىق قۇرۇلۇشلاردا ئەڭ جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. بىڭتۇەننىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنىلاشقان مەشغۇلات بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ۋە كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، سۇلياۋ ۋە يوپۇق يېپىپ زىرائەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى. بىڭتۇەن مالىيە كۈچى جەھەتتە قىيىنچىلىقى بولغان ئەھۋالدا، ھەر يىلى يەنە بەزى مەبلەغ چىقىرىپ يەرلىكتىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ كەلدى. بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەرلىككە مەدەت بەرگەن مەبلىغى يۈز مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

40 نەچچە يىللىق جاپالىق كۆرەشلەر ئارقىلىق، بىڭتۇەن خەلقى ئالەم كۆز تىككەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كۈچ قوشۇنى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى

راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم تۆھپىلەر قوشتى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ مەددەت بېرىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىللىق يىراق كەلگۈسى نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرايلى

ج ك پ ش ئۇ ئار 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىللىق يىراق كەلگۈسى نىشان توغرىسىدىكى تەكلىپ» تە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئاساسلىق كۆرەش نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى كېيىنكى ئەسىردە شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدىغان مۇھىم مەزگىل بولىدۇ. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق كۆرەش نىشانى مۇنداق بولىدۇ: قۇرۇلمىنى كۈچەپ خىللاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارغاندا، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1980 - يىلدىكىدىن ئۈچ قاتلىنىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىككى يېرىم قاتلىنىدۇ، نامراتلىق ھادىسىسى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈلىدۇ؛ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنىدۇ؛ ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەڭ قەدەمدە راۋاجلىنىشى ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ ۋە خىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى داۋاملىق كۈچەي-

تىلىدۇ، سۇ ئىنشائاتى، ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي كەسىپلەرنىڭ ئىقتىسادنى تېزگىنلىشى ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەسەيتىلىدۇ، نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇرۇلىدۇ، توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپى قاتارلىق تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ كۆلىمى ۋە ئۈنۈمى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىدۇ؛ دۆلەتنىڭ تاۋار ئاشلىق بازىسى، تاۋار پاختا بازىسى، نېفىت بازىسى ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۈنۋېرسال خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇپ، كېيىنكى ئەسىردە ئۈچىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان ماددىي تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي تۇزۇلمە ئاساسى ئورنىتىلىدۇ.

2010 ـ يىلىدىكى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى مۇنداق بولىدۇ: مۇشۇ ئەسىردىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش ئەشىنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلىدىكىدىن بىردىن كۆپرەك قاتلاپ، خەلق تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىدىن باياشات سەۋىيىگە يەتكۈزۈلىدۇ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ. بايلىق تەقسىماتى يەنىمۇ خىللاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسى ۋە ئومۇمىي ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلۈپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇدا تەرەققىياتى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئۈنۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ. يۇقىرىقى كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىيۈزلۈك

ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى توپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى قەتئىي ئىزچىل يولغا قويۇشتىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇراش، ئىككىنچى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى يىرىك تىپتىن تۈجۈپىلەش تىپىغا بۇراش. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىمىزنى يۇقىرى سەۋىيىلىك، چوڭ كۆلەملىك كەسپلەر ئىگىلىكى ئەۋزەللىكىگە بۇراپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز سۈرئەت بىلەن، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

يۇقىرىقى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەھەتتە نۇرغۇن پايدىلىق شارائىت ۋە پەيتكە دۇچ كەلمەكتىمىز. بىرىنچى، ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش جەھەتتە بىر يۈرۈش تەجرىبىلەر شەكىللەندى، بۇ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئۈگۈشلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم كاپالەت يەتكۈزۈپ بەردى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسى مۇقىم، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقنى تەلەپ قىلىش، تەرەققىياتنى ئارزۇ قىلىش، قۇدرەت تېپىشقا تىرىشىشتەك ئورتاق ئارزۇسى شىنجاڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور ئۇيۇشقان كۈچنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئىككىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇنىڭدىن ئېچىپ - پايدىلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلار پەرقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى مەسىلىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە

ئەھمىيەت بېرىپ، كەسىپ سىياستى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جايلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتتى، شىنجاڭنى بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا دۆلەتنىڭ تاۋار ئاشلىق، پاختا ۋە نېفىت ھەم نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدىغان نۇقتىلىق جاي قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇ ھال ئەۋزەل بايلىق مەنبەسىنى مەھسۇلات ئەۋزەللىكىگە ئالماشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى پەيت ئېلىپ كەلدى. تۆتىنچى، 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئاساس ئەسلىھەلىرى، ئاساسىي كەسىپلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، تېخنىكا باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن خېلى ئوبدان ماددىي تېخنىكا ئاساسى تىكلەندى. بەشىنچى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاساسىي ماددىي مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. شەھەر - يېزا بازارلىرى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە بولماقتا. ئالتىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي ھالدا بەرپا قىلىنىشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەتتىنچى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقى يەنىلا ناھايىتى زور، بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىشىغا جىددىي تەلەپلەرنى قويماقتا. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بىر قاتار توغرا فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىگە ئىگە. بىز پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن يېڭى خىرىسنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم. ھەر قايسى جەھەتلەردىكى پايدىلىق

شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش شەرتى ئاستىدا دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە مەدەت بېرىشىنى پائال تۈردە قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى تېزىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

1995 - يىلىدىن بۇيان، جۇرۇڭجى، ۋۇباڭگو، جياڭ چۈنيۈن، چيەن ۋېيچاڭ، چيەن جېڭيىڭ قاتارلىق پارتىيە، دۆلەت رەھبەر-لىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا كۆزدىن كۆچۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئېنىق يوليورۇق بېرىپ، شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ پاختا، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ۋە ئۆزەل بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ تۈۋرۈك كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇ-رۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى ئورۇمچىدە ئاچقان 4 - قېتىملىق شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشى بويىچە بىرلەشمە يىغىنىدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنى نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى باش يې-تەكچى قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك ئونئۆيرسال زامانىۋىلاشقان خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانى بەلگىلەندى؛ دۆلەت توقۇ-مىچىلىق باش جەمئىيىتى ئورۇمچىدە ئاچقان توقۇمىچىلىق سانائىتىنى پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلارغا يۆتكەش يىغىنىدا، «شەرقتىكى ئورچۇقنى غەربكە يۆتكەش»، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش پىلانى بەلگىلەندى؛ سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئورۇمچىدە ئاچقان سۇ ئىشلىرى يىغىنىدا، شىنجاڭنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەت-تىكى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق ياردەم ۋە مەدەت بېرىش پىلانى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى؛ مەملىكەت-لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن ۋېيچاڭ، چيەن جېڭيىڭلار باشلاپ كەلگەن ئىككى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرى ۋە شىمالىي

شىنجاڭ رايونىدا دۆلەتنىڭ 10 مىليون مولۇق ئاشلىق بازىسى قۇرۇش مە-سىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ، «1515» تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ گوۋۇيۈەنىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن ياۋباڭ باشلاپ كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازىسى قۇرۇش ئۈستىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش ئېلىپ باردى.

يېقىندا مەركىزىي كومىتېت ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى جاكارلىدى: دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قارىتا مايىللىق سىياسىتى قوللىنىدۇ، كەسىپلەرنى جايلاشتۇرۇش، ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، مالىيە - كرېدىت، ئېشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ مەدەت بېرىدۇ. جە-نۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، مەركەز پۇل چىقىرىش، يەرلىك ياردەم بېرىش يولى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ئىمكانقەدەر تېز پۈتتۈرۈپ، ئۇ يەردىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتى تە-رەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن يېتەكلەپ، نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئۆزگەرتىش لازىم. دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق تار-ماقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە مەبلەغ ئاساسىدا، 9 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىق-تىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئىمكانقەدەر ياردەم بېرىشى لازىم.

مەركەزنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى نۇقتىلىق ھالدا ئېچىش، گۈللەندۈرۈش پىلانى جىددىي ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلمەكتە. بولۇپمۇ بىر تۈركۈم تايانچ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى ۋە بىر تۈركۈم يېڭى تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قوش رېلىسلىق لىنىيىسىدە قۇرۇلۇش پۈتۈپ قاتناش باشلاندى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ تۆمۈريولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 4 مىليارد 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ؛شىئەن ـ لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى نۇركابېل قۇرۇلۇشى پۈتۈپ خەۋەرلىشىش باشلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ نۇركابېل قۇرۇلۇشىمۇ 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتىدۇ؛ تەكلىماكان چۆللۈكىنى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيولدا قۇرۇلۇش پۈتۈپ قاتناش باشلاندى؛ تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭسەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدىن كۇيتۇڭغىچە قاتنايدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى 1996 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىش باشلاندى؛ ئۈرۈمچى ئايرودورومىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇملۇق ئېلىپ بېرىلماقتا، بىر قىسىم تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، پۈتۈن قۇرۇلۇش 1997 ـ يىلى پۈتىدۇ، ئۇ چاغقا يېتىپ بارغاندا، ئۈرۈمچى ئايرودرومى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم دەرۋازا ئايرودرومىغا ئايلىنىدۇ؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى شىمالدىن جەنۇبقا باشلاش قۇرۇلۇشى، ئۇلۇغئاۋات سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش باشلاندى؛ مايتاغدىكى 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىدىكى 40 مىڭ توننىلىق پولى ئېستېر زاۋۇتىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىدىكى 300 مىڭ توننىلىق بىرىكمە ئامىياك زاۋۇتى، 520 مىڭ توننىلىق ئۇرىيا زاۋۇتى قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ مايتاغدىكى ئالكىل بېنزېن زاۋۇتى ۋە ئېتىلېن زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، كورلىدىكى 1 مىليون 20 مىڭ توننىلىق چوڭ خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى، كۇچادىكى 300 مىڭ توننىلىق چوڭ خىمىيە

ئوغۇت زاۋۇتى، پوسكامدىكى ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرلىرى بېكىتىلدى ياكى بېكىتىلىۋاتىدۇ، تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، يېپىنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەردىمۇ بىر تۈركۈم تۈرلەر قۇرۇلۇۋاتىدۇ ياكى تەييارلىق قىلىنىۋاتىدۇ. 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىللىق يىراق كەلگۈسى نىشانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك جامائەت ئىشلىرى مىسلىسىز چوڭ تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆرسەتكەن زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تولۇق ئىشەنچ بىلەن خىرىسنى، زور تەرەققىيات بولىدىغان يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالىدۇ.

# ئالتىنچى باب

## ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش — ئۇزاق خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توپ يولى

### بىرىنچى بۆلۈم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى مەزگىل باشلىنىپلا «جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش» تا «جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەندى، كېيىن يەنە «جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ»، «ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ»، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتكەندى. «بۇ يەردىكى جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكى»، «جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى» — جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى. جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنىڭ بىرى شۇكى، جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مۇشۇنداق دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن مەملىكىتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تارقالغان رايونلار پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق مەملىكىتىمىزدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئىككى چوڭ ئاساسىي تېما. مۇقىملىق دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بىر خىل

تەرتىپلىك، ماس ۋە خاتىرجەم ھالەتتە تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ؛ تەرەققىيات دېگىنىمىز، يۇقىرىقىدەك ھالەتتە مەيدانغا كەلگەن بىر خىل دولقۇنسىمان ئىلگىرىلەش ياكى بۇرمىسىمان يۇقىرى ئۆرلەشتىن ئىبارەت ھەرىكەت ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى شۇكى: مۇقىملىق تەرەققىياتقا، تەرەققىيات مۇقىملىققا بېقىنىدۇ، ئىككىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسى؛ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش، ئۇزاق خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى. شۇڭا، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى بىلەن رايون ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقتىمىزدا ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى ئىگىلەپ، رايون ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ھەرقايسى خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇشىمىز لازىم. رايون ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز، مۇقىم راۋاجلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، جەمئىيەت مۇقىم بولسا، ئىقتىساد راۋاجلانسا، دۆلەت گۈللىنىدۇ، خەلق خۇشال - خۇرام بولىدۇ؛ 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا خەلق نامراتلاشتى، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇ پاكىتلار ھېلىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خەلقئارا مۇھىتنىڭ نىسبىي مۇقىم بولۇشى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن، شىنجاڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى زور دەرىجىدە

تېزلىدى، 1979 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە بولغان 16 يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 134 مىلياردا 94 مىليون يۈەن مۇقىم مۈلۈكنى تاماملىدى، ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى % 21 ئەتراپىدا بولدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئەگەر خەلق ئىگىلىكى ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالسا، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئاخىرقى ھېسابتا تەسكە چۈشىدۇ. تەرەققىيات — چوڭ قائىدە. تەرەققىيات ئارقىلىقلا ئىلگىرىلەش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى تېزرەك ھەل قىلغىلى بولىدۇ، رايون ئىقتىسادى راۋاجلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەر تەرەپلىمە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى كۈچەيسىلا، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشقا ئازادە ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىسى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىدە بەزى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، بۇ تەرەققىيات جەريانىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش، ھېچقانداق كەتكۈزۈپ قويماسلىقنى، ئازراقمۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ بولماسلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇقىملىق — خاتىرجەملىك دەپ چۈشىنىلسە، بۇمۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بەزى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر مەيدانغا كېلىدۇ، بۇ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا مۇقىملىق خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلەتكەندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېخىمۇ زور قۇرۇلۇش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرگىلى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئۇدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە

قىلغان سۆزىدە ئېنىق قىلىپ: «(4 - ئىيۇن) دىن كېيىن دۆلىتىمىز نېمە ئۈچۈن ناھايىتى مۇقىم بولۇپ تۇرالىدى؟ بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرگەنلىكىمىزدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغانلىقىمىزدىن بولدى» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىقتىسادنى مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، لېكىن مۇقىملىق بىلەن ماسلىقمۇ مۇتلەق ئەمەس، نىسبىي بولىدۇ. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە.» بۇ دېمەك، لېنىنىڭ ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خىزمىتىدىكى مىزان، بىز مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشال - خۇرام ياشىشىدەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇزاق خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

### ئىككىنچى بۆلۈم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇپ، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا پەرقنى ئازايتىش

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر تارىخىي مەۋجۇدىيەت بولۇپ تۇرماقتا. «6 - بەشيىللىق پىلان» دىن بۇيان، دۆلەت «پەرقلىق تەرتىپ بويىچە تەرەققىي قىلىش» (پەلەمپەي دەرىجىسى بويىچە تەرەققىي قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە «رايونلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى» نى قوللانغانلىقتىن، شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلار جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك ۋە سىياسەتتىن ئېبارەت قوش ئەۋزەل شارائىت ئاستىدا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گەرچە ئۆزىنىسىغا سېلىشتۇرغاندا

نەتىجىسى غايەت زور بولسىمۇ، ئەمما، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سۈرئىتىگە ۋە شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا سې-لىشتۇرغاندا پەرق كۆنسايىن چوڭايماقتا. مەملىكىتىمىزنىڭ شەرق، ئوتتۇرا، غەرب رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرق ئالدىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم رايونلار ئالدىن بېيىش، ئالدىن بېيىغانلار كېيىن قالغانلارنى بېيىشقا يېتەكلەش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشقا يېتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىزنىڭچە، ئالدى بىلەن پەرققە جىددىي مۇئامىلە قى-لىش، پەرقتىكى سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىش، ئاندىن ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرگە ئاساسەن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا تەد-رىجىي يېتىشىۋېلىش لازىم.

1. رايون پەرقىنىڭ ئىپادىلىرى ۋە سەۋەبلىرى

1) پەرقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى

بىرىنچى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىكى پەرق. ھازىر شەرقىي قىسىمدىكى رايونلار پۈتۈن مەملىكەت سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئېشىش مىقدارىنىڭ 75 % ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، شەندۇڭ قاتارلىق بەش ئۆلكىلا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېشىش مىقدارىنىڭ 60 % ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ.

ئىككىنچى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى پەرق. ئېشىش سۈرئىتى جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان پەرقمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كې-ڭەيمەكتە. 1993 ـ يىلى شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمدىكى سېلىشتۇرما پەرق (شەرقىي قىسىمنى بىر دەپ ھېسابلىغاندا) 1992 ـ يىلىدىكى 0.66 : 1 دىن 0.54 : 1 كە كېڭەيگەن. ئەگەر ھەر خىل ھېساب سىرتىدىكى كىرىملەر، ئېش ھەققىنىڭ سىرتىدىكى كىرىملەرنىڭ پۈتۈن پۇل كىرىمىنىڭ 20 % ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ۋە بىرقەدەر تە-رەققىي قىلغان رايونلاردا بۇ يوشۇرۇن شەكىلدىكى كىرىمنىڭ نىسبىتى

تېخىمۇ چوڭ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئويلاشقاندا، ئەمەلىي رايون پەرقى ستاتىستىكىلىق سان ئەكس ئەتتۈرگەندىن تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

2) رايون پەرقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر

بىرىنچى، ئېتنوگراپىك، جۇغراپىيىلىك ئامىللار. شەرقىي قىسىمدىكى رايونلار دېڭىز - ئوكيانلارغا يېقىن بولۇپ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئەۋزەل، ئاھالىنىڭ زىچلىق دەرىجىسى چوڭ، ساپاسى يۇقىرى، قاتناش - ئالاقە ۋە شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى تەرەققىي قىلغان.

ئىككىنچى، ئېچىۋېتىشنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىدىكى سەۋەبلەر. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلىنىپلا مەركىزىي كومىتېت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون، ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، ئىقتىسادىي ئېچىش رايونلىرىنى قۇرۇپ، بۇ رايونلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، بۇ رايونلارنىڭ كۆپلەپ تېخنىكا، مەبلەغ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، بۇ رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۈچىنچى، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىدىكى ئامىللار. شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا مەبلەغ سېلىش كۆلىمى زور، سېلىنغان مەبلەغدىن ئېلىنغان ئۈنۈم يۇقىرى. 100 يۈەن مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرىدىغان مەھسۇلات قىممىتى شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭكىدىن تەخمىنەن 3 ~ 2 ھەسسىگە يۇقىرى؛ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان باج - پايدا شەرقىي قىسىمنىڭ يۇقىرى غەربىي قىسىمنىڭكىدىن تەخمىنەن 4 ~ 2 ھەسسىگە. يۇقىرى غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سېلىنغان مەبلەغدىن ئېلىنغان ئۈنۈم تۆۋەن بولغانلىقتىن، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا كېتىپ، ئەسلىدىلا مەبلەغ جىددىي كەمچىل بولغان بۇ رايونلاردا مەبلەغنىڭ تېخىمۇ جىددىي كەمچىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ كىچىك بولۇشى، مەھسۇلاتنىڭ ئاز بولۇشى پەرقنى

كۈنسايىن كېڭەيتمەكتە.

تۆتىنچى، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكتىكى پەرق. دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ پەرقىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل. نۆۋەتتە، شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىك تەخمىنەن بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نىسبىتى شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭكىدىن خېلى ئارقىدا تۇرىدۇ. 1993 ـ يىلى پۈتكۈل غەربىي قىسىم رايونلاردىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 10 پىرسەنتىگىمۇ يەتمىگەن، پەقەت جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ كۆلىمىگىلا يەتكەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ بولسا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 15 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن.

3) رايون پەرقى تەرەققىيات جەريانىدىكى پەرق.

يۇقىرىدىكى تەھلىل شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسىمدىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تەرەققىيات جەريانىدىكى پەرق، بۇنىڭدا تارىخىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەر بار. رايون پەرقىنى ئازايتماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي ئازايتىشىمىز لازىم.

2. ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈچ تەرەپتىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

رايون پەرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇقەررەر ھادىسە، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش بولسا خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم، ئۇدا راۋاجلىنىشى ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم،

ئۇدا، ماس قەدەمدە ھالدا راۋاجلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ تەرەپتىكى ماسلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم:

1) يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم، ئۇدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ ئاساسى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى سانائەت ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايون خەلق ئىگىلىكىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى لازىم، بۇ رايون ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان زور تەدبىر. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىگە بولغان مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى سېلىنمىنى كۆپەيتىش، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىك ئاساس مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى ساقلاش ۋە ئوزاق مۇددەت مۇقىملاشتۇرۇش، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوزغاش، رايونىنىڭ مول سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقىنى ئېچىش لازىم. سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە تېجەش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، پاختا، ئاشلىق، قىزىلچا بازىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ماس بىرلىككە يەتكۈزۈش لازىم. شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى ھەم بىر رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كەڭلىك دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ھەم رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ئىككىسى بىرلىكتە

يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەھەر سانائىتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋە ناھىيە ـ يېزىلاردىكى 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سانائەتتىن بۆلگىنىش كەڭ يېزىلارغا كېڭەيدى، بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن يەنە يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يامانلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىدا يەنە شەھەر مۇھىتى بىلەن يېزا مۇھىتىنى ماسلاشتۇرۇپ تۈزەش بىلەن قوغداشتىن ئىبارەت بىر مەسىلە مەۋجۇت.

2) سانائەتنىڭ ھەرقايسى كەسىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش — كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى قاتلامغا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاچقۇچ

سانائەتنىڭ ھەرقايسى كەسىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش ئاساسلىقى يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكى يۇقىرى سۈرئەتتە ئۆسۈش مەزگىلىدە تۇرماقتا. بۇ مەزگىلدە ھەم سانائەتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قۇرۇلۇش مەبلىغى جۇغلاشقا، ھەم خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، يېنىك توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك سانائىتىنى يەنىلا زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك، يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە باشقا كەسىپلەرنىڭ خام ئەشيا سانائىتىگە بولغان ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن ئېنېرگىيە، خام ئەشيا سانائىتى ۋە قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل كەسىپلەرنىڭ ماس قەدەمدە ھالدا ئېشىشى ياكى ئالدىن تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلىش لازىم. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بايلىق مەنبەسى ئەۋزەللىكى ۋە بازار ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، نېفىت (تەبىئىي گاز) خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىنى ئازۇت

ئوغۇتى، سۇنئىي تالا، سۇنئىي دېۋىرقاي ۋە سۇنئىي كاۋچۇك ئىشلەپچىقىرىشقا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتى ۋە بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت «شەرقتىكى ئۇرچۇقلارنى غەربكە يۆتكەش» نى يولغا قويغان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، خىمىيىلىك تالا، زىغىر، يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەكچىلىك، كىيىم - كېچەك ۋە ئىلمە - توقۇلما قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئەلا سۈپەتلىك يىپ، ئەلا سۈپەتلىك رەختنى ئاساس قىلغان چوڭ توقۇمىچىلىق سانائەت سىستېمىسىنى ھەمدە قەنت ئىشلەپچىقىرىش، دان ۋە ماي پىششىقلاپ ئىشلەش، گۆش، تۇخۇم، سۈت، مېۋىلەرنى ئېچىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېمەكلىك سانائىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈشنى ھەمدە سۇ ئىنشائاتلىرى مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، رايونىمىز ئىچىدىكى ئاساسلىق دەريا ئېقىنلىرىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىشنى تېزلىتىشنى، تۆمۈر يول، تاشيولنى ئاساس، تۇرۇبا، ئاۋىئاتسىيىنى قوشۇمچە قىلغان ئۇنىۋېرسال ستېرېئولۇق قاتناش - ترانسپورت تورىنى ۋە يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى ئۈنۈملۈك زامانىۋى ئالاقە تورىنى ئۇرغۇزۇشنى، كۆمۈر، سۇ ئېنېرگىيىسى، نېفىت، تەبىئىي گاز، شامال ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى قاتارلىق كۆپ خىل ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى نىشان قىلغان چوڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. رايونلارنىڭ كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكەندىلا ئاندىن رايون ئىقتىسادىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچتا ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

3) كەسىپلەرنىڭ رايونلاردىكى ئورۇنلىشىشىنى ماسلاشتۇرۇش، رايونلارنىڭ بايلىقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كەسىپلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئورۇنلىشىشىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە ھەر قايسى

رايونلارنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كاپالىتى.

سانائەتلەشتۈرۈش جەريانىدىكى كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن رايون پەرقى ھەمدە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاھالە بىلەن سانائەتنىڭ تارقىلىشىنىڭ « ھەددىدىن تاشقىرى زىچ » ۋە ھەددىدىن تاشقىرى تارقاق » بولۇپ كېتىش مەسىلىسى ھازىرقى دەۋردىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن زور بىر مەسىلىگە ئايلاندى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىلا، ياپونىيىنىڭ ئالدىنقى باش ۋەزىرى تيەنجۇڭ جاۋرۇڭ ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرى « ياپونىيە ئاراللىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا » دا، سانائەتنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ يېڭى سانائەت خەرىتىسىنى سىزىش؛ غول سانائەتنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، قاتناش تورىنى قۇرۇپ، ئادەم بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىش؛ شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش بىلەن جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار ئارقىلىق دېڭىز بويى بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندى. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكىتىمىزنىڭ رايونلار سانائىتىنىڭ جايلىشىشى بىلەن رايونلار پەرقىدە مەيدانغا كەلگەن بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقان رېئاللىققا ئاساسەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: « 9 ـ بەش يىل » دىن باشلاپ، ئوتتۇرا غەرب قىسمىدىكى رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوللاشقا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىپ، رايون پەرقىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى ھەل قىلىش دەرىجىسىنى تەدرىجىي چوڭايتىپ، پەرقنى ئازايتىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئاكتىپ تىرىشىشىمىز لازىم. ئوتتۇرا، غەرب قىسمىدىكى رايونلار بازار ئېگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئويغۇنلىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بايلىق ئۈس-

تۇنلۇكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇستۇنلۇككە ئىگە كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئۇستۇنلۇكىنى تەدرىجىي ھالدا ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشى لازىم.» ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن «بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى قىلىش، شەرت ـ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۇستۇنلۇكنى جارى قىلدۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش» پرىنسىپىنى، «قۇرۇقلۇق كۆۋرۈككە تايىنىش، جەنۇبنى يۆلەپ شىمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى كۈچەيتىش، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش» تىن ئىبارەت ئورۇنلاشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى كۆپ مەنبەلىك مەنپەئەت ئاساسىي گەۋدىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئوخشىمىغان تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلار، مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن بىڭتۇەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇستۇنلۇكىنى ئۆز ئارا تولۇقلاش، يۈرۈشلەشكەن ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ، بىرلەشمە تىپتىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا، شەرقىي قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم، غەربىي قىسىمنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزىدىغان كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تۈرغۇزۇشقا، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىنقى رايون، ئالدىنقى ئۇستۇنلۇككە ئىگە كەسىپلەرنى ئېچىش بىلەن ئۈنۈملۈك تۈردە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ چوڭ رايوننىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇپ ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسپىي كارخانىلىرى ، غول كەسىپ ، يېتەكچى كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مايىل بولۇپ ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون كەسىپ قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشنى ماسلاشتۇرۇپ ، ئۈنۈم بىلەن ئادىل بولۇشقا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى ئاستىدا ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كەسپىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىقلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق .

## ئۈچىنچى بۆلۈم بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپلەشتۈرۈش ، بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىش

1 . رايونلار بويىچە ئەمگەك ئىش تەقسىماتى قىلىش ــ ماركسىزملىق ئىقتىساد شۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزىرى .

ماركسىزملىق ئىقتىسادشۇناسلىقتىكى مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزىرى شۇكى ، « بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مىللەتلەرنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ . » مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق يايلاق ، % 60 سۇ بايلىقى ، % 50 ئۆپچۆرىسىدىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى بار . سانائەت بايلىقلىرى ، مەسىلەن ، شىنجاڭنىڭ نېفىت ، كۆمۈر ، پاختىسى ؛ ئىچكى موڭغۇلنىڭ تۆمۈر ، سىرەك ، يۇڭ ــ تېرىسى ؛ نىڭشيانىڭ كۆمۈر ، تۇزى ؛ گۇاڭشىنىڭ رەڭلىك مېتاللىرى ؛ شىزاڭنىڭ سۇ ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلار پۈتۈن مەملىكەتتە مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ . شۇڭا ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى رايون ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشى ، ئۆزلىرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى

جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىپ، كەسپلەشتۈرۈش، بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى لازىم.
بۇرۇن بىزنىڭ رايونلار بويىچە ئەمگەك ئىش تەقسىماتى قىلىش پرىنسىپىغا بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تارىخىي، تەبىئىي مۇھىت، ئىقتىسادىي بايلىق قاتارلىق شارائىتلاردىكى پەرقلەرگە قارىماي، سۇبيېكتىپ ئارزۇنى چىقىش قىلىشقىلا تايىنىپ، تەھلىل قىلمايلا «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھەممىدىلا بىر ئەندىزە بولۇشنى تەشەببۇس قىلدۇق، نەتىجىدە ئىشلىرىمىز ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنۇم ئىنتايىن ناچار بولدى.
ھازىر بىز ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياج نىسبىتى ۋە تەننەرخ، باھا نىسبىتىگە، ھەرقايسى رايونلارنىڭ بايلىقىنىڭ «تەبىئىي مول‌لۇق دەرىجىسى» دىكى پەرقىقە ئاساسەن، پايدىغا يۈزلىنىپ زىياندىن ساقلىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ يېتەكچى تارماقلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە پىلانلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈش، بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىمىز لازىم. شىنجاڭ رايونىدىكى كەسپلەشكەن تارماق ۋە يېتەكچى كەسپلەرنى قانداق تاللاش كېرەك؟
بىزنىڭچە، كەسپلەشكەن تارماق ۋە يېتەكچى كەسپلەردە رايون ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۇنۇمى بىر قەدەر يۇقىرى، مەھسۇلات ئىقتىدارى، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، خام ئەشيا، ئۇسكۈنىلەرگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان، بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان، تېخنىكا تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان، سىستېمىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپلەرنى ئاساس قىلىش، ئاندىن بەلگىلەنگەن كەسپلەشكەن تارماق ۋە يېتەكچى كەسپلەرنى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭ نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى، پاختا ۋە پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنى رايونىنىڭ يېتەكچى كەسىپ تارمىقى قىلىشى لازىم. بۇ ئىككى تارماقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈن

رايونىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭ ئۆزىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرسا، يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تولۇق خام ئەشيا مەنبەسىگە ئىگە بولىدۇ، بەلكى يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئۆزى شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك، ئېغىر سانائەت، خىمىيە سانائىتىنىڭ مەبلىغىمۇ مالىيە مەنبەسىگە ئىگە بولىدۇ، رايون ئىقتىسادى يېڭى ئاساستا تەرەققىي قىلالايدۇ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ پەرقى تەدرىجىي ئازىيىدۇ.

2. پاختا، نېفىتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش.

1) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى رايون پەرقى

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تەبىئەت، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي شارائىت زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىكى پەرق بولسا يېزا ئىگىلىكى جايلاشقان رايونلارنىڭ پەرقىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا تەدبىرلىرى شارائىتى ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا هامان هەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ. ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت (بولۇپمۇ هاۋا كىلىماتى ۋە تۇپراق، مەسىلەن، هەرقايسى جايلارنىڭ هاۋا تېمپېراتۇرىسى، يېغىن تېمپېراتۇرىسى، باش قىش قىرو مەزگىلى، يېغىن مىقدارى ۋە ئۇلارنىڭ پەسىللەرگە تەقسىم قىلىنىشى بىلەن ئۆزگىرىش نىسبىتى، ئاپەت خاراكتېرلىك هاۋا تېمپېراتۇرىسى هەمدە تۇپراق قۇرۇلمىسى ۋە تۇپراقنىڭ ئوغۇت كۈچى قاتارلىقلار) شارائىتى ئاستىدا، ئوخشىمىغان زىرائەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىلىشىدا روشەن پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ هەرقايسى رايونلار ئارىسىدىكى مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى ۋە رايونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توغرا بىرلىشىش بولسا، ئوخشىمىغان زىرائەتلەر قۇرۇلمىسىنى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ رايونلار بويىچە بىرلىشىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر

رايون خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شىنجاڭنى مىسالغا ئالساق، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلار بويىچە تەشكىللىنىشى تەخمىنەن شىمالىي شىنجاڭدا ئاشلىق (شېكەر)، جەنۇبىي شىنجاڭدا پاختىدىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىك رايونىنىڭ تارماق رايونى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. پاختىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالساق، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پاختا بازىسى قىلىپ بېكىتىشتىكى سەۋەب شۇكى، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتى باشقا ئۆلكە - رايونلاردىن ئەۋزەل بولۇپ، شىنجاڭدا پاختا تېرىغاندا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئارقىلىق مىقدارى بىر قەدەر كۆپ، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان مەھسۇلاتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئامېرىكا، مىسىر، سۇدان، ھىندىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى پاختىنى مەركەزلىك ھالدا ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق، نۇر - ئىسسىقلىق بايلىق مەنبەسى تولۇق، سۇغۇرۇش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان قۇرغاق رايونلار (ئاتالمىش «كۆن نۇرى بەلبېغى») غا تېرىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق رايون ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرماقتا. مەسىلەن، ئامېرىكا نۇقتىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىنى جەنۇبتىن ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق، كۆن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان غەربىي رايونلارغا يۆتكەپ، شۇ ئارقىلىق كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتىپ، پاختىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ناھايىتى تېزلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پاختا ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلانغان. بۇ باشقا بىر مەسىلىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئەمەلىيەتتە سانائەتلىشىش دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر (مەسىلەن، كانادا بوغداي ئېكسپورت قى-

لىدىغان چوڭ دۆلەت، ئاۋستراليە قوي يۇڭى، تۆمۈر رودىسى ئېكسپورت قىلىدىغان چوڭ دۆلەت، قاتارلىقلار).

شىنجاڭ پاختىسىنىڭ مو بېشى مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى، ھەر بىر ئەمگەك كۈنى قىممىتىنىڭ ساپ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تەخمىنەن بىر ھەسسە ئۈستۈن تۇرسىمۇ، يەنىلا شىنجاڭدا كېۋەز تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىدىغان قىممىتى تەخمىنەن باشقا پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا كېۋەز تېرىيدىغان دېھقانلار ئىككى كۈندە يارىتىدىغان قىممەتكە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ كېۋەزلىكىنىڭ بىر قىسمى خۇاڭخې دەريا ۋادىسىغا، بىر قىسمى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئادەتتە شىمالىي پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە جەنۇبىي پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى دېيىلىدۇ. جەنۇبىي پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا ئاشلىق بىلەن كېۋەز يەر تالىشىدىغان زىددىيەت گەۋدىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يامغۇرلۇق كۈن كۆپرەك، كۈننىڭ يورۇتۇشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن پاختىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس. ھازىر ئاساسلىقى كۆپ مىقداردا ئوغۇت ۋە ئادەم كۈچى سېلىش ئارقىلىق مەلۇم بىرلىك مەھسۇلات ئېلىنىدۇ، ئەمما سۈپىتى تۆۋەن، تەننەرخى يۇقىرى. شىمالىي پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا تەبىئىي شارائىت گەرچە جەنۇبىي پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىن ياخشى بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ناچار. شۇڭا، دۆلەت تەدرىجىي ھالدا چاڭجياڭ دەريا ۋادىسى، خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى دائىم يامغۇرلۇق كۈن بولىدىغان، سېپىش ئېغىر بولىدىغان پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ مۇھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردىن ۋە خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى رايونلاردىن بىر قىسىم كېۋەزلىكلەرنى چىقىرىپ ئاشلىق ۋە شۇ رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى

قارار قىلدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، بۇ شۈبھىسىزكى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن.

پاختا بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى، دۆلەت توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ «شەرقتىكى ئۇرچۇقلارنى غەربكە يۆتكەش» ستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى شىنجاڭنىڭ يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

2) سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش پرىنسىپى

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يېزا ئىگىلىكىدىكى تەبىئىي جانلىقلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى جەريانىنىڭ ئەكسىچە غەيرىي جانلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى، مېخانىكىلىق، فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانى (بەزى بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانى). شۇڭا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوخشاش تەبىئىي شارائىتلارغا قارىتا كۈچلۈك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىدىكىدەك روشەن پەسىل خاراكتېرىگىمۇ ئىگە بولمايدۇ، بەلكى پۈتۈن يىل بويى ئۈزلۈكسىز ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ (شېكەر ياساش سانائىتى قاتارلىق ئاز ساندىكى تارماقلار پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ سىرتىدا). گەرچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يېزا ئىگىلىكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بەزى تەبىئىي شارائىتلار بىلەن يەنىلا ئايرىلماس باغلىنىشتا بولىدۇ. خام ئەشيا، يېقىلغۇ، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلار بولمىسا، چوڭ سانائەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، سۇ مەنبەسى بولمىسا، سۇنىڭ خوراش مىقدارى زور بولغان سانائەت تارماق-

لىرىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. سانائەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ بىرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ خام ئەشيا يېقىنلىقى مەنبەلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىدىغان رايونلار بىلەن مۇۋاپىق بىرلىشىشكە (يېقىنلىشىشىغا) مۇمكىن قەدەر تۇرتكە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق يىراق ئارىلىق ترانسپورت ۋە باشقا نامۇۋاپىق بولغان ترانسپورتلارنى قىسقارتىپ، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ خورىشىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە ئىقتىساد قىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىجتىمائىي ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ توپلىنىشى مول بولغان رايون، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چارلاشقا بولىدىغان چۆكۈندە جىنسلارنىڭ كۆلىمى 920 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چۆكۈندە جىنسلار كۆلىمىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىشىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز يىراق كەلگۈسى زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت بايلىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ خام نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ، نېفىت، تەبىئىي، گاز خىمىيە سانائەت تۈرلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش، كاۋچۇك، سۇلياۋ، خىمىيىلىك تالا، خىمىيىلىك ئوغۇت قاتارلىق ئورگانىك خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىگىلەيدىغان رايونى ۋە مۇھىم نېفىت، خىمىيە سانائىتى بازىسىغا ئايلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم خام نېفىتنى چىقىرىپ شەرقىي قىسمىدىكى

قىرىنداش ئۆلكە ــ رايونلارغا توشۇپ، بۇ رايونلارنىڭ نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىستېمال ئېھتىياجىنى يېقىندىن تەمىنلەش. بۇ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ خام ئەشيا، يېقىلغۇ مەنبەلىرىگە يېقىنلىشىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستېمال رايونلىرىغا يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن. دۇنيادىكى ئاساسلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەر ۋە نېفىت ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ نېفىت ۋە نېفىت ـ خىمىيە سانائىتىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىمۇ شۇنداق. چۈنكى، نېفىت بايلىقىنىڭ توپلىنىشى مول بولغان ھەرقانداق بىر رايوننىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان بارلىق خام نېفىتنى پۈتۈنلەي ئىستېمال قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ نېفىتنى ئېچىش كارخانىلىرى مۇقەررەر ھالدا نېفىتلىك جايلاشقان رايونلاردا بولىدۇ، نېفىت ئايرىش كارخانىلىرىنى بولسا نېفىت مەنبەلىرىگىمۇ، نېفىت كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدىغان رايونلارغىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشىدىكى ھەر قايسى ئامىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ سېلىشتۇرما تەننەرخىگە ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىشىشىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن بىرلىككە كەلگەن مىللىي بازارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە تېزلەتكىلى بولىدۇ. بىرلىككە كەلگەن مىللىي بازار شەكىللەنگەن ھامان كۈچلۈك مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچكە ئىگە بولغان مىللىي ئىچكى يىغىلىش كۈچىمۇ شەكىللىنىدۇ. بۇنداق مىللىي ئىچكى يىغىلىش كۈچى بىرلىككە كەلگەن، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان

بولىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي بازىس بولسا بەرپا قىلىنغان ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەسىپلىشىشىدىن شەكىللەنگەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار. بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى، ئالماشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىچكى يىغىلىش كۈچى بىلەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كۈچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇزاق خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرايلى

1. ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇزاق خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتا.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى. شۇڭا، يېڭى مەزگىلدە، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئەڭ مۇھىمى ئاكتىپ شارائىت يارىتىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى. «بىزنىڭ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندا ئىقتىسادنى ياخشىلىماق، ئۇ ئاپتونومىيە قۇرۇق نەرسە

بولۇپ قالدۇ؛ بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا قاراتقان سىياسىتىمىز بۇ رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان. بۇ مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرىدىغان سىياسەت، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللىنىشكە مېڭىشقا يېتەكلەيدىغان سىياسەت.»

شۇڭا، بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش ۋە مالىيە جەھەتتە ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىشنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇستۇنلۈككە ئىگە بايلىقنى ئېچىش كۆلىمى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، پايدىلىنىش دەرىجىسىنى تېزلىتىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تېخىمۇ كۆپرەك قولايلىق سىياسەت ۋە ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بېرىشى لازىم. بۇ دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشتىكى مۇھىم تەدبىر. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي رايونلارمۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۇستۇرۇشنى نىشان قىلىپ، رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، رايونلارنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، رايونلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ گۇرۇھلىشىش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ۋە كۆلەملىك ئىگىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم؛ شۇنداقلا يەنە ئاسىيا- ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ كۆۋرۈكىنى يول قىلىپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىسادىي- سودا مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ تەدرىجىي ھالدا سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي بۇنيۇش ئېغىزى قىلىپ، مىللىي رايونلاردىكى كۆپ قىسىم ناھىيە- شەھەرلەرنىڭ كىرىم چىقىمىنى قامدىيالماسلىق قىيىن ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش لازىم. دۆلەتنىڭ سانائەت سىياسىتى بىلەن

مىللىي رايونلارنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت قوش تەسىر ئاستىدىلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا يولداش جۇئېنلەي ئەينى يىللاردا چىڭداۋ يىغىنىدا كۆرسەتكەن: «ھەر قانداق مىللەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ سىرتىدا تۇرالمايدۇ. خەنزۇ رايونلىرىنىڭلا سانائىتى يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ، شىزاڭ ئۇزۇن مۇددەت قالاق تۇرۇشنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇزۇن مۇدەت قالاق تۇرۇشنى، ئىچكى موڭغۇل چارۋىچىلىق رايونى ئۇزۇن مۇددەت قالاق تۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، ئەگەر ئۇنداق بولسا سوتسىيالىستىك دۆلەت بولماي قالىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە، بارلىق قېرىنداش مىللىي جايلار، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. پۈتۈن جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش لازىم» دېگەن روھقا ئۇيغۇن. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش قاتارلىق ئاساسىي كەسىپلەرگە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېفىت، نېفىت خىمىيە، مېتاللورگىيە سانائىتى شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماشىنا - ئېلېكتر سانائىتىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ستراتېگىيىلىك سانائەت قىلىش لازىم.

نېفىت، مېتاللورگىيە سانائىتىدە مول يەر ئاستى بايلىقىنى ئاساس قىلىپ، دەل ۋاقتىدا، كەڭ كۆلەملىك ئېچىش ئېلىپ بېرىش شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك. ماشىنا - ئېلېكتر سانائىتىنىڭ شىنجاڭدا باشلىنىشى كېيىن، كارخانىلىرى ئاز، بولسىمۇ، ئەمما، سانائەتلەشتۇرۇش مۇساپىسىدىن قارىغاندا، ماشىنا - ئېلېكتر سانائىتى رايونلارنى سانائەتلەشتۇرۇشتىكى «قورال - ئۈسكۈنە» بولۇپ، ئىلغار پەن - تېخنىكىنى باشقا كەسىپلەرگە كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك كەسپىي باغلىنىش دەرىجىسى ۋە كېڭىيىش

ئۇنۇمىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇمچە قىممىتى چوڭ، كىرىمىنىڭ ئېلاستىكلىق كوئېففىسىيېنتى يۇقىرى بولۇپ، رايونلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئىتى سەۋىيىسىگە بىۋاستە باغلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ نېفىت، كۆمۈر، رەڭلىك مېتال بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىشقا ئەگىشىپ، نېفىت ماشىنىلىرى، نېفىت ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، ترانسپورت ماشىنىلىرى، كان ماشىنىلىرى، مېتاللورگىيە ئىشلىرى ھەمدە يېنىك توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك سانائىتىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئېكسپورت سودىسىنى كېڭەيتىشكە ئېھتىياجلىق بولغان توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، يېنىك سانائەت ماشىنىلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق كەسىپلەرنى خەلقئارا ياكى دۆلەت ئىچى بىلەن بىرلىشىپ ئېچىش لازىم. ماشىنا - ئېلېكتر سانائىتىنى نىشانلىق تەرەققىي قىلدۇرغاندا ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا يېڭىلىنىشى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ ئېكسپورت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى، خەلقئارادىكى بازارلارنى كېڭەيتىپ، شۇ ئارقىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈنۈمى، سۈرئىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايونلاردىكى كەسپىي تەشكىلاتلارنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم. كەسپىي تەشكىلاتلارنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنىڭ يادروسى كۆلەم ئۈنۈمىنى چىقىش قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. رايونىمىزدا ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ كۆلەم قۇرۇلمىسى ئاستىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروت خىراجىتى سەۋىيىسى، خەلقئارا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان كۆلەم قۇرۇلمىسىغا قارىتا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا رايونىمىزدىكى كارخانىلار كۆلىمىدىكى پەرقنى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈنۈم پەرقىنى بايقىغىلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىڭغا مۇۋاپىق چارە - تەدبىر تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، يېنىك توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، نېفىت، كۆمۈر، خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە قاتارلىق كارخانىلارنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم. يۇقىرىدىكى سانائەت كارخانىلىرى مۇئەييەن كۆلەمگە يەتكەندە ئاندىن ئوتتۇرىچە خىراجەتنى پەسەيتكىلى بولىدۇ، بۇ خام ئەشيانى ئىقتىساد قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش، ئۆلچەملەشكەن، كەسپلەشكەن ۋە ئىلغار، چوڭ تىپتىكى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆلەم ئۈنۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

ئىككىنچىدىن، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ تارماق بايلىقىدىن مۇۋاپىق، تولۇق پايدىلىنىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، خەلقئارا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان — ھازىرلىمىغانلىقىنى رايون كارخانىلىرىنى تەشكىللەش سىياسىتىدىكى بىر نىشان قىلىش لازىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت سودا تاۋارلىرىنى خەلقئارا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كارخانا كۆلىمى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرنىمۇ خەلقئارا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سودىسىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك نىشان.

نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەر:

بىرىنچى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش. (بۇ تاشيول، تۆمۈر يول، ئاۋىئاتسىيە ۋە ئۇلارنىڭ ھاۋا پورت، قۇرۇقلۇق پورت قۇرۇلۇشلىرى، شەھەر يول، ئاممىۋى مۇئەسسەسە ۋە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئاساس مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئۆچكە پايدىلىق بولۇش» پىرىنسىپىغا ئاساسەن مۇقىم كەڭ بولغان يۇمشاق بىر مۇھىتنى، جۈملىدىن سىرتقا قارىتا تەشۋىقاتنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىچىلار شىنجاڭنى چۈشىنىدىغان، شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا قىزىقىدىغان مۇھىتنى يارىتىش لازىم.

ئىككىنچى، پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رايوننىڭ بايلىقىنى ئېچىشنى تېزلىتىپ، رايون ئىقتىسادىي كۆلىمىنىڭ تېز كېڭىيىشى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «شەرق بىلەن بىرلىشىشنى كېڭەيتىپ، غەربكە چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەنۇب بىلەن شىمالغا ئېتىبار بېرىپ»، ئىشىكنى سىرتىغا ئېچىۋەتكەن رايونلارنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە، تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى دۆلەت ( رايون ) لارغا يۈزلەنگەن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكە - رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر تەرەپلىمە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئەندىزىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، نەزەر دائىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىپ، سىرتتىن سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سىرت بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىشنىڭ يېڭى شەكىل، يېڭى قاتلاملىرىنى ئېچىپ، رايونلارنىڭ «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرىنى سان ۋە كۆلەم جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىگە قىلىش لازىم.

بەشىنچى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ كارخانىلارنى «ئۇلاش» ئۆزگەرتىشنى ياخشى تۇتۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ؛ غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ رايون ئىگىلىكىدىكى نىسبىتىنى تېز ئۆستۈرۈش لازىم.

ئالتىنچى، تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋار بازارلىرىنى قۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقىنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش تېخنىكىلىرىنى دادىللىق بىلەن كىرگۈ-

زۆپ، رايونلارنىڭ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى ماتېرىياللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. داڭلىق زاۋۇت (داڭلىق مەھسۇلات) بىلەن بىرلىكتە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق رايون تاۋارلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلاردىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

يۇقىرىدىكى چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇزاق خاتىرجەملىكىگە كۈچلۈك ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىش لازىم.

2. شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يىراق كەلگۈسى نىشانى ئۇزاق خاتىرجەملىكنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تارىخىي پۇرسەتنى كۈتۈۋالىدۇ: «بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىش، تەرەققىياتنى ئارزۇ قىلىش ۋە قۇدرەت تېپىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىرادىسى شىنجاڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور كۈچنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىككىنچى، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولماقتا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەمكارلىششى تېخىمۇ گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ. ئۈچىنچى، دۆلەت شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەدرىجىي ھالدا ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاۋاتىدۇ، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۆتىنچى، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقى، سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق بايلىقى

مول، دۆلەتنىڭ كەسكىن سىياسىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جايلاشتۇرۇشنى تەڭشىشى شىنجاڭنىڭ يوشۇرۇن بايلىق ئەۋزەللىكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتىشكە ئىنتايىن پايدىلىق.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ تەدرىجىي بەرپا قىلىنىشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىق بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يوقىرىدا بايان قىلىنغان پايدىلىق شارائىت ۋە پۇرسەتلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى توغرىسىدا تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا قويدى. تەكلىپتە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈپ يېتەكچى فاكتىنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، ئاندىن دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلەتكىلى، ئاندىن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلىغىلى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئۇزاق خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. «تەرەققىيات ــ چىڭ قائىدە»، بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش.

بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، كەلگۈسى نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى، مەبلەغ، ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە كۈچىيىشىگە

ئەگىشىپ، خام ئەشيا، ئېغىر خىمىيە سانائىتى ۋە بىلىم زىچلىقى، تېخنىكا زىچلىقىنى ئاساس قىلغان تېخنىكا ــ سانائەت سىستېمىسى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان يېڭى شىنجاڭ ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ! گۈللەپ ياشنىغان، كۈندىن ــ كۈنگە يۈكسىلىدىغان يېڭى شىنجاڭ ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ!

# يەتتىنچى باب

## ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ھەر مىللەت خەلقىغە بايلىق يارىتىش ئۈچۈندۇر

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» (تۆۋەندە قىسقىچە «تەكلىپ» دەپ ئېلىندى) شىنجاڭنى تەستە كېلىدىغان تارىخىي پۇرسەتكە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىردىن باشلاپ بايلىقنى كەڭ - كۆلەمدە ئېچىش مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىشقا قانداق قاراش جەھەتتە شىنجاڭدا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت: بىر خىل قاراش، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىقلارنى ئېچىشتىكى مەقسىتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى باياشات قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىغە بەخت يارىتىش دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە بىر خىل قاراش بولسا، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىقلارنى ئېچىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى تالان - تاراج، ئېكسپىلاتسىيە قىلىش، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەپ ھېسابلاپ، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىقلارنى ئېچىشقا قارشى تۇرىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ شۇنداق قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. بىر قىسىم ئاممىنىڭمۇ بۇنىڭغا قارىتا تونۇشى مۈجمەل. شۇڭا، مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىشقا قانداق توغرا

قاراش تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇش – تۇتالماسلىقىمىزغا، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى تېزلىتىش – تېزلىتەلمەسلىكىمىزگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە، شۇنداقلا يەنە شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش – كىچىكلىتەلمەسلىك، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش – ئاشۇرالماسلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش – قوغدىيالىسلىقىقا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

**بىرىنچى بۆلۈم بايلىقلارنى ئاچقاندىلا، ئاندىن بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ**

نېمە ئۈچۈن بايلىقلارنى ئاچىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بەزى بايلىقلارنى ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەرگە توشۇپ ئالماشتۇرىمىز؟ بۇنىڭ داۋلىسى ئازراقمۇ سىرلىق ئەمەس. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم – كېچەك، يېمەك – ئىچمەك، ئۆي – جاي، باردى – كەلدىسىدىن ئېيتقاندا، كىشلەر كىيىم – كېچەك كىيىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك، ماشىنسازلىق سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى، نېفىت – خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك؛ تاماق يېيىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، سۇلياۋ يوپۇق، تراكتور، ئورۇق چېچىش ماشىنىسى، كومبايىن بولۇشى كېرەك؛ كىشلەر بىنالاردا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن سېمونت، خىش، ئەينەك، پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىق سانائەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم؛ كىشلەر ماشىنىدا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماشىنا ياساش سانائىتى شۇنداقلا پولات – تۆمۈر سانائىتى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئۇنداقتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بۇ سانائەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇرغۇن مەبلەغ، تېخنىكا، ئۇسكۇنىلەر نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى مۇمكىن ئەمەس، باشقىلارنىڭ سەدىقە بېرىشىگە تايىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارغا پەقەت بايلىقلارنى ئېچىپ، بايلىقلارغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 60 –

يىللاردىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئېچىشقا سالغان مەبلىغى ئىزچىل تۇردە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ % 30 ئەتراپىنى ئىگىلەپ كەلگەن، 80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كۆپەيگەن. 1964 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە، تيۇمېنسكىي نېفىتلىكى (سىبىرىيە نېفىتلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە سالغان مەبلىغىلا 50 نەچچە مىليارد رۇبلىغا يەتكەن. مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىكى بىر گەۋدىلىك قىيىن مەسىلە. هېسابلاشلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1 تىرلىيون 550 مىليارد يۈەن ئۇستىلىمە مەبلەغ كېرەك بولىدىكەن. روشەنكى، بۇنى پەقەت دۆلەت ئىچىدە جۇغلاشقا تايىنىپلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا 3 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىلىق كۆچمە مەبلەغ چىقىش يولى ئىزدەۋاتماقتا، بىز ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغنىڭ تولۇقلىما مەنبەسى قىلساق بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ تېخىمۇ كەمچىل. شىنجاڭنىڭ مول كۆمۈر بايلىقى بار، ئەگەر يىللىق مەھسۇلاتى 160 مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى قۇرۇلسا (شەنشى كۆمۈر بازىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا تەڭ كېلىدۇ)، مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلارنىڭ هېسابلىشىچە، 28 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. 1995 ـ يىلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن ۋېيچاڭ بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئىلى دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى يەرلەرنى ئېچىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ، «9 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان 10 مىليون مو بوز يەر ئېچىش، 5 مىليارد كۇب مېتىر سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، هەر يىلى دۆلەتكە 5 مىليارد جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىش، بۇ ئېچىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت 10 مىليارد يۈەن خەلق

پۇلى مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت « 1515 » پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈچتىن بىر، تەخمىنەن 150 مىليون مو دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان بوز يەر بايلىقى مەركەزلەشكەن بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە ھېسابلىغاندا دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان 150 مىليون مو بوز يەرنى ئېچىش ئۈچۈن 150 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىش لازىم بولىدۇ.

بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، يەر ئاستىدا قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان بايلىقلار ھەر مىللەت خەلقىگە ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلگىنى يوق، خەلق ئوخشاشلا نامراتلىق ئىچىدە ياشاپ كەلدى. پەقەت بايلىقلارنى ئېچىپ، قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان بايلىقلاردىن خەلق پايدىلىنىپ، يوشۇرۇن بايلىق ئەۋزەللىكى تاۋار ئىگىلىكى ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ياراتقىلى بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەسلىدە يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر دۆلەت بولۇپ، نېفىت قېزىش بىلەن (جاۋار نېفىتلىكىنىڭلا يىللىق ئىشلەپچىقىرىدىغان نېفىتى 260 مىليون توننا بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئىگىلەيدۇ) ئىقتىسادىي كىرىمى شىددەت بىلەن ئارتىپ، بىردىنلا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. نېفىتنى ئېچىش سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىقتىسادىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، قۇرغاق، قۇملۇقتا تۇرۇۋاتقان ۋە ئىقتىسادى بىر قەدەر قالاق بولغان بۇ دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ھالقىسمان ھالدا ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرماقتا. نۆۋەتتە، سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىتتىن كىرگەن زور مىقداردىكى ئامېرىكا دوللىرى كىرىمى ۋە مول مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىگە كۆپلەپ مەبلەغ سالماقتا. قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېقىندىن گۈللەنگەن ئىككى سانائەت رايونى بولۇپ، بىرى، جۇبە يىل نېفىتلىك مەركىزىگە جايلاشقان، ئۇ يەردە نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، نېفىت خىمىيە زاۋۇتى، پولات زاۋۇتى، ئاليۇمىن

تاۋلاش زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار قۇرۇلماقچى؛ يەنە بىرى، يەنىبۇ بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ نېفىت ئايرىش، خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە، سېمونت قاتارلىق تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى سانائەت بازىلىرى قۇرۇلماقچى. بۇ بايلىقلارنى ئېچىش ئارقىلىق تېزدىن بېيىشتىكى كىشىنى قايىل قىلىدىغان مىساللار.

خام ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۈچىنچى دۇنيادىكى دۆلەتلەر خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئامېرىكا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق بە-رىنچى، ئىككىنچى دۇنيادىكى دۆلەتلەرمۇ كۆپ مىقداردا خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئېكسپورت قىلىدىغان خام نېفىت يىللىق مەھسۇلات مىقتارىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيە ۋە يىراق شەرقتىكى مول تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ئۈچۈن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان تولۇقلىما سودا شەكلى بىلەن 28 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، 60 تىن كۆپرەك ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە غەر-بىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ تولۇقلىما سودا غەربىي ياۋروپانىڭ مەبلەغ، ئۇسكۈنە ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرغان سىبىرىيەدىن غەربىي ياۋروپاغىچە بولغان تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى. ئامېرىكا ئېكسپورت قىلىدىغان ئاشلىق، پاختا دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. جەلقئارادىكى بايلىقلارنى ئېچىش بىزنىڭ شىنجاڭدىكى بايلىقلارنى ئېچىشىمىزغا قارىتا ئېيتقاندا پايدىلىنىش قىممىتى يوق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايلىق مۇئەييەن ماكان — زامان ئۇقۇمىغا ئىگە، مەسىلەن، ئۇنى ۋاقىتدا ئاچمىغاندا يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ماتېرىياللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، بەزى بايلىقلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى يوقىتىپ، قىممەتلىك نەرسىدىن كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىكى كۆمۈر بايلىقىنىڭ يەر ئاستىدا ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ كېتىشى بۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ؟ يەنە چىرىمتالنى مىسالغا ئالساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەبىئىي چىرىمتالنىڭ

ئورنىنى ئالالايدىغان يېڭى ئىزولياتسىيە ماتېرىياللىرى بارلىققا كەلگەنلىك-
تىن، شىنجاڭنىڭ بىر قانچە چېرىمتال كانلىرىنى قېزىشمۇ راۋاج تاپماي
قالدى. شۇڭا، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان بايلىقلارنى
ۋاقتىدا ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى
جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پارچە گۆھەر زېمىنى. ئەمما، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەي-
لىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، پەن -
تېخنىكىسى قالاق، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي
قىلمىغان بولۇپ، تەبىئىي بايلىق ۋە خام ئەشيالارنى چوڭقۇرلاپ
پىششىقلاپ ئىشلەشنى تېخى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭنى سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى
گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شۈبھىسىزكى، زور
مىقداردىكى مەبلەغ، تېخنىكا، ئۈسكۈنە بولۇشى كېرەك. بۇ نەرسىلەرگە
بايلىق ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يول
يوق. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئۇزۇنچىسىغا نەزەر سال-
غاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئومۇمەن مۇنداق بىر جەريانىنى بېسىپ
ئۆتكەن: بايلىقلارنى ئېچىشتىن قول سېلىپ، بايلىقلارنى تاۋار سۈپىتىدە
ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ، تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش
لازىمەتلىكلىرىگە ئالماشتۇرۇش، قۇرۇلۇش مەبلىغى جۇغلاش؛ سانائەتلە-
شىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش
ئاساسلىقى خام ئەشيا ئالماشتۇرۇشتىن، تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىقى
دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇشقا
ئايلىنىش، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈچىيىش؛
سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز
ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئاساسلىقى دەسلەپكى قەدەمدە

پىششقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇشتىن ئاساسلىقى چوڭقۇر پىششقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ۋە بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى بولغان ئالىي، نەپىس، ئېسىل مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇشقا ئايلىنىش، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇشۇنداق بىر تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشى مۇشۇنداق بولغان، بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي رايونلارنى ئېچىشىمۇ مۇشۇنداق بولغان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئېچىشىمۇ مۇشۇنداق باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن ياكى بېسىپ ئۆتۈۋاتىدۇ.

بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە «ئىككىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تەكلىپ قىلدى، ئۇ بولسىمۇ بازار بىلەن بايلىق، مەبلەغ بىلەن تېخنىكىدىن ئىبارەت «ئىككىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش» نى ئاكتىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم بازارلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولۇش ۋە تەبىئىي بايلىقى مول بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇستۇنلۇكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەمدە مۇشۇنى دەسمايە قىلىپ، شەرقىي دېڭىز بويىدىكى رايونلار، بولۇپمۇ چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ ۋە تېخنىكىلىرىنى قولغا كەلتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق بارنى يوقىتا ئالماشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرلىسىزلىكنى تولۇقلاپ، ئىقتىسادىي يوشۇرۇن ئىقتىدارنى رېئال ئۇستۇنلۇككە ئايلاندۇرۇشقا يېتىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ مۇشۇنداق بايلىق ئالماشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويماقتا. بايلىق ئۇستۇنلۇكى كۆپ مىقداردا مەبلەغ، پەن – تېخنىكا ۋە ئەمگەك كۈچى سېلىنمىسى ئاساسىدىلا ئاندىن ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇك ۋە مەھسۇلات ئۇستۇنلۇككە ئايلىنالايدۇ. مەھسۇلاتلار بازاردا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئاندىن پۇل ئۇستۇنلۇككە ئايلىنالايدۇ. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەكرار تەرەققىياتقا ئىشلىتىلگەندىلا ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ياخشىلىيالايدۇ ۋە ئۇستۇرەلەيدۇ. تاۋار ئىگىلىكى دۇنياسىدا ئىستېمالچىلار ۋە بازار خۇدا، ئەگەر

شىنجاڭنىڭ مول بايلىقى شىنجاڭ بازارلىرىدىلا چەكلىنىپ، ئىچكى ئۆلكە بازارلىرى ۋە خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزۈلمىسە، ئۇنداقتا شىنجاڭنىڭ بايلىقى مەڭگۈ ئېچىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تۆۋرۈككە ئايلىنالىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

**ئىككىنچى بۆلۈم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇشى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بولۇپ، يەككە يۆنىلىشتە سىرتقا ئېقىش ئەمەس**

بەزىلەر، شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «بايلىق سىرتقا ئېقىپ كەتتى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەتتا «دۆلەت شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلىۋاتىدۇ» دېگەندەك ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرنى تارقاتماقتا. شىنجاڭنىڭ بايلىقى سىرتقا قانچىلىك ئېقىپ كەتتى؟ دۆلەت بىكارغا ئېلىپ كەتتىمۇ؟ شىنجاڭ ئوخشاش مەزگىلدە دۆلەت ۋە ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكە - رايونلارنىڭ قانچىلىك ياردىمىگە ئېرىشتى؟ بۇ مەسىلىلەر نۇرغۇن كىشىلەرگە تېخى ئايدىڭ ئەمەس. ئىگىلەشلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن توشۇپ چىقىرىلىدىغان بايلىقلار ئىچىدە مىقدارى ئەڭ كۆپى نېفىت، كۆمۈر، پاختا، تۇز بولۇپ، باشقىلىرىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. 1994 - يىلي توشۇپ چىقىرىلغان نېفىت 5 مىليون توننا، پىششىق نېفىت 2 مىليون 500 مىڭ توننا، پاختا 500 مىڭ توننا، پاختا 500 مىڭ توننا، زاۋۇت شېكىرى 200 مىڭ توننا، كۆمۈر 2 مىليون توننا بولۇپ، قالغان كۆپ قىسمى چىقىرىلماي، شىنجاڭدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ياكى ئۆزى ئىشلەتكەن. شىنجاڭنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى تېخى چوڭ ئەمەس. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئەرزان باھادا ئۈچىنچى دۇنيادىكى دۆلەتلەردىن خام ئەشيا ئېلىپ، ئاندىن بۇ دۆلەتلەرگە يۇقىرى باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىپ،

تەگسىز باھادا ئالماشتۇرۇشى، تۆۋەن باھادا كىرگۈزۈپ، يۇقىرى باھادا چىقىرىشى تالان ـ تاراج قىلىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە بولسا ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقى تەڭ باھانى قوللىنىش پرىنسىپى بويىچە ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلىدىغان ماددىي ئەشيالارغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ۋە نۇرغۇنلىغان ئېتىبار بېرىشلەر يولغا قويۇلغان. دۇنيادا مۇشۇنداق تالان ـ تاراج قىلىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشمۇ بولامدۇ؟ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى «قايچىسىمان پەرق» كە كەلسەك، ئۇ مىللىي رايونلاردىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، خەنزۇ رايونلاردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان مەسىلە، ھەتتا دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ھەل قىلالمىغان مەسىلە. ئازادلىقتىن بۇيان، دۆلەت كۆپ قېتىم تەدبىر قوللىنىپ «قايچىسىمان پەرق» نى كىچىكلەتتى، ئەمما قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت مىللىي رايونلاردىن بەزى ماددىي ئەشيالارنى تۇشۇپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مىللىي رايونلاردا كەمچىل بولغان ماددىي ئەشيالارنى تۇشۇپ كىرگۈزىدۇ. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 95 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ئەھۋالىدا مۇنداق بىر نۇقتا ئېنىقكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماددىي ئەشيالار شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالاردىن خېلى ئارتۇق، پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئۆزگىرىش بولۇپ، شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالار شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماددىي ئەشيالاردىن ئېشىپ كەتتى. ئەمما، بۇ شىنجاڭغا قارىتا ئېيتقاندا، يامان ئىش بولماستىن، بەلكى ياخشى ئىش، چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز تېخىمۇ كۆپ قىممەتلىك مەبلەغكە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلۇش ۋە ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ،

نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئېغىر سانائىتى، بولۇپمۇ سانائەت ئۇسكۇنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈشكە تايىنىدۇ، بەش خىل مېتال، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى، كۈندىلىك تۇرلۇك ماللارنىڭ 50 پىرسەنتى ھازىرغىچە ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. شىنجاڭ ھازىر مۇئەييەن كۆلەمدىكى سانائەتكە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ماددىي ئەشيالاردا قىسمەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدۇ، دۆلەتنىڭ يۆتكىشىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئەمما، يۆتكەپ كىرگۈزىدىغان نەرسىلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى كۈنگىچە دۆلەتنىڭ ماددىي ئەشيالاردىن يۆتكەپ كىرگۈزۈشىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى قامداش تەسكە چۈشكەن بولاتتى.

شىنجاڭدىن سىرتقا يۆتكەلگەن بەزى نېفىت، پاختا قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنىلا سۆزلەپ، پۈتۈن ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىق، 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرمەسلىك روشەنكى بىر تەرەپلىمىلىك، خاتا. ئازادلىقتىن بۇيان، دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش ئۈچۈن، مالىيە كۈچى قىيىنچىلىق ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى، تەخمىنەن ھېسابلىغاندا، دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا سالغان مەبلىغى 100 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دەل مۇشۇنداق غايەت زور ياردىمى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ئېچىش قۇرۇلۇشى ئاندىن ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن. مەيلى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بولسۇن ياكى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى بولسۇن، مەيلى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ( سانائەت يوقتىن بارلىققا

كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، پولات ـ تۆمۈر، كۆمۈر، نېفىت، ئېلېكتر كۈچى، ماشىنىسازلىق، رەڭلىك مېتال، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، قەنتچىلىك، قەغەزچىلىك، خۇرۇم، يېمەكلىك، تاماكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۇرى بىر قەدەر تولۇق بولغان بىر سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى)، قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىلىشىش، يېزا ـ بازار قۇرۇلۇشى بولسۇن، ياكى مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولسۇن، ياكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بولسۇن، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر قانچە ھەسسىلەپ، بىر قانچە ئون ھەسسىلەپ ھەتتا يۈز ھەسسە سان بىلەن ئۆستى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەممىگە مەلۇم بولغان پاكىت، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى. بۇ سان ۋە پاكىتلار كەم دېگەندە مۇنداق ئۈچ قات مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: بىرىنچى، مەركەز بىلەن قېرىنداش ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ غايەت زور ياردىمىدىن ئايرىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز كۈچىگىلا تايىنىپ مۇشۇنداق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا بايلىقلارنى ئېچىشى خام ئەشيالارنى ئېلىپ كېتىش بولماستىن، بەلكى مۇمكىنقەدەر ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەش، مىللىي رايونلارنىڭ تۇرى تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بەزى خام ئەشيالارنى ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەش شارائىتى ھازىرلانمىغان بولسا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىمۇ تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇلۇپ كېلىنىدۇ. بىز شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان

قېرىنداش ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ ياردىمىنى رەت قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ بۈگۈنكىدەك موشۇنداق تېز تەرەققىي قىلالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقنى ئېچىشى مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قارىتا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتىن سىرت، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق بولۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ مول بايلىقى قېرىنداش ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغىمۇ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. قىسقىسى، دۆلەتنىڭ بايلىقلارنى ئېچىشتىكى مەقسىتى ھەر قايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىغە بەخت يارىتىش.

**ئۈچىنچى بۆلۈم دۆلەت زېمىندىكى بايلىقلارنى ئېچىش، ھەم دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن**

شىنجاڭنىڭ ئېچىش ۋە قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى 16 مىليوندىن ئارتۇق ھەرمىللەت خەلقى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ ئىنتايىن دىققەت قىلىۋاتقان چوڭ ئىش. شىنجاڭ نۇرغۇنلىغان ئەۋزەل تەبىئىي بايلىقلارغا، ئالاھىدە يەر يۈزى تۈزۈلۈشى ۋە تەبىئىي شارائىتقا ئىگە؛ ئۇ رېئال ۋە يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ھەم نۇرغۇنلىغان روشەن چەكلەش ئامىللىرىغىمۇ ئىگە. قانداق قىلىپ ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىش، يېتەرسىزلىكلەرنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇش ھەمدە قېرىنداش ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش قاتارلىقلار شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى قۇرۇش ئىشلىرىدا ئومۇمىيلىققا، ئۇزاق كەلگۈسىگە، ستراتېگىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەسىلە. بۇ يەردە ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى مەسىلىلەر (مەسىلەن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش، كەسىپ

قوغۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش قاتارلىقلار ) بولۇپلا
قالماستىن ، بەلكى رايون ئىقتىسادىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش
بىلەن دۆلەت زېمىنىدىكى بايلىقلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ،
ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانى ،
سۈپىتى ھەمدە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ ، ھەم باي-
لىقلارنى ئېچىش ، ھەم بايلىقلارنى قوغداش قاتارلىق مۇناسىۋەت
مەسىلىلىرىمۇ بار .
ناھايىتى روشەنكى ، موشۇنداق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، دۆلەت
زېمىنىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ،
ئۇنىۋېرسال پىلانلاپ ، توغرا بولغان تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە فاڭجې-
نىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇۋاپىق ئېچىش ، پايدىلىنىش ، باشقۇرۇش ،
قوغداش لازىم . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان دۆلەت زېمىنى پۈتۈن مەملىكەت دا-
ئىرىسىدىن ئېيتىلىۋاتقان بولۇپ ، بىر مۇستەقىل دۆلەتكە قاراشلىق زېمىن
( جۇملىدىن يەر يۈزى ۋە يەر ئاستى ) ، ھاۋا تەۋەلىكى ، دېڭىز
تەۋەلىكىنىڭ سىياسىي جاي ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ .
دۆلەت زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ئايرىلالماس بىر پۈتۈنلۈككۇ
ئىگە . ھەر بىر ئۆلكە - رايون بۇ پۈتۈنلۈكنىڭ تەركىبىي قىسمى . شۇڭا ،
دۆلەت زېمىنىدىكى بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھامان
دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاش ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا ، زا-
مان ۋە ماكاندىكى ئىلگىرى - كېيىنلىك رىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان
مەقسەتلىك ، پىلانلىق ھەرىكەت .
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 9 - ماددىسىدا
ئېنىق قىلىپ : « كان ، دەريا ، ئورمان ، تاغ ، ئوتلاق ، بوز يەر ، سايلىق
يەر قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا ، يەنى
ئومۇم خەلق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ . » دەپ بەلگىلەنگەن . شىنجاڭ ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ شىنجاڭى ، شىنجاڭنىڭ مول بايلىقى قايسىبىر جاي ياكى مىل-
لەتلىككە تەئەللۇق بولماستىن ، بەلكى دۆلەت ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر

مىللەت خەلقىغە ئورتاق. شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ بىرلا مىللەت ياشاپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل تىل، كۆپ خىل ئېتىقاد قوللىنىدىغان، ئوخشىمىغان ئۆرپ ـ ئادەتكە ئىگە بولغان كۆپ مىللەت خەلقى ياشاپ كەلگەن. خەنزۇلار شىنجاڭغا بۈگۈن كېلىپ قالغان ئەمەس، يېقىنقى زاماندا كېلىپ قالغانمۇ ئەمەس، بەلكى بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. شىنجاڭنىڭ تارىخى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان، بىرلىكتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنى بىرلىكتە ئاچقان، قۇرغان تارىخ. ھەرقايسى مىللەتلەر شىنجاڭنى ئېچىش، قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ھەر قانداق مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئېھتىياجغا ئىگە ئەمەس، باشقا مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، قۇرۇشنى ئىنكار قىلىش، چەتكە قېقىش ھوقۇقى يوق. خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش خەنزۇلارغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تېخىمۇ پايدىسىز. دۆلەت ئومۇمىي خەلقىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر خىل بايلىقلارنى، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىدۇ، بۇ ھەم دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بايلىقلارنى ئېچىشتا ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشىدىغىنى بايلىقنى ئاچىدىغان جايلار. دۆلەتنىڭ بايلىقلارنى ئېچىشىغا قارشى تۇرىدىغان ھەر قانداق سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنغا خىلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگىمۇ خىلاپ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا بايلىقلارنى ئې-

چىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، شۈبھىسىزكى، ئومۇمىيلىق، مىللىي رايونلار بۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇپ، دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا بايلىقلارنى ئېچىشنى ئاكتىپ قوللىشى لازىم. ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇنۇشتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دۆلەتمۇ مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئىتىگە تېخىمۇ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى، خام ئەشيا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي رايونلارغا پايدا بېجىنى كۆپرەك قالدۇرۇشى لازىم. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار گۇۋۇيۈەن بايلىق خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھا سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىقلارنى ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە دىققەت قىلىش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تەدبىر قوللاندى ۋە قوللىنىۋاتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ مەسىلىنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق.

سوتسىيالىستىك دۆلەتتە خەلق خوجايىن. خەلقنىڭ دۆلىتى ئېچىش، قۇرۇشتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تاختا شاھمات بولۇشىنى ئويلايدۇ. ئەگەر مەلۇم بىرجاينىڭ بايلىقىنى ئېچىش شۇ جاينىڭ خەلقىنى ئېكسپىلاتسىيە قىلىش دېيىلسە، بۇ بىمەنىلىك بولامدۇ؟ مەسىلەن، دۆلەت ھەر يىلى شەنشى ئۆلكىسىدە بىر قانچە يۈز مىليون توننا كۆمۈر قازىدۇ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى داچىڭ نېفتلىكىدە 50 مىليون توننىدىن كۆپ نېفت ئالىدۇ، بۇنى مۇشۇ ئۆلكىلەردىكى خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىش دېيىشكە بولامدۇ؟ ئەگەر ھەر قايسى جايلاردىكى بايلىقلارنى ئېچىشقا يول قويۇلمىسا، دۆلەت قانداق قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدۇ؟ يەنە

مەسىلەن، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، لياۋنىڭ، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر ھەريىلى دۆلەتكە ئايرىم ـ ئايرىم بىر قانچە مىليارد يۈەندىن بىر قانچە ئون مىليارد يۈەنگىچە پۇل تاپشۇرىدۇ، بۇنى دۆلەت شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، لياۋنىڭ، شەندۇڭ خەلقىنى ئېكسپىلاتسىيە قىلدى دېيىشكە بولامدۇ؟ شاڭخەي قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قېرىنداش ئۆلكە ـ شەھەر خەلقىنىڭ دۆلەتكە غايەت زور تۆھپىسى بولمىسا، دۆلەت قانداق قىلىپ نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىپ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇ-شىغا ياردەم قىلالايدۇ؟ دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلارغا بولغان ياردىمى ئېچىپ ئېيتقاندا، كەڭ خەنزۇ خەلقىنىڭ خالىس ياردىمى. كۆپچىلىككە مەلۇم، شىنجاڭ مالىيە جەھەتتە ھازىرغىچە ئۆزىنى قامدىيالمايدۇ، دۆلەت ھەريىلى شىنجاڭغا كۆپ مىقداردا ياردەم بېرىدۇ، بۇنى قانداقمۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى ئېكسپىلاتسىيە قىلىشى دېگىلى بولسۇن؟ دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىقلارنى ئېچىشتىكى مەقسىتىمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىتىش، بۇنداق مىساللار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز. دۆلەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى تېزلىتىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەر يىلى 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك زىيان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ قەتئىي ھالدا 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، پوسكامدا نېفىت ـ خىمىيە سا-نائىتىنىڭ ئۈچ قۇرۇلۇشىنى قۇردى. بۇ دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئىكەن-لىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟! سوتسىيالىستىك دۆلەت بولمىسا، كىممۇ مۇشۇنداق زىيان بولىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى قىلىشنى خالايدۇ؟ پاكىتمۇ مۇشۇنداق، پوسكامدىكى نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ

ئۈچ قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى نۇرغۇن بېنزىن، دىزېلىن، خىمىيىۋى ئوغۇت ھەمدە خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان كېروسىن، تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جايلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، باغۋەنچىلىك، كۆكتات، گۆش، جۈملىدىن تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى، شۇ جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، قۇرۇلۇش، سېمونت، ئېلېكتر كۈچىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، شۇنداقلا يەنە شۇ جايلاردىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. قىسقىغىنا بىر قانچە يىل ۋاقىتتىلا يېڭى بىر مەركەزلەشكەن بازار — كۇيباغ بازىرى مەيدانغا كەلدى. كۇيباغدىن ئىبارەت پوسكامنىڭ «سىبىرىيە» سى دەپ نام ئالغان بۇ ئېچىلمىغان نامرات ۋە قاقاس، چەت جاي كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئارىلىقتا ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

### تۆتىنچى بۆلۈم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بايلىقتا، تەرەققىي قىلىشنىڭ ئۈمىدى ئېچىشتا

مىللىي رايونلارنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئەمما، ئىقتىسادى بىر قەدەر قالاق. شىنجاڭنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول، ئەمما، زور تۈركۈمدىكى بايلىق تېخى ئېچىلمىغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، تىپىك بايلىقى مول، ئىقتىسادى نامرات ئۆلكە. تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ قالاقلىقى بىلەن مول بايلىقى كۈچلۈك ئەكس پەرق شەكىللەندۈرگەن. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپ، 1 مىليون 70 مىڭ ئادەم تېخىچە نامراتلىق سىزىقىنىڭ ئاستىدا تۇرماقتا. 1994 - يىلى پۈتۈن

ئاپتونوم رايوننىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 67 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، جياڭسۇ، شەندۇڭ، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى بىر ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە توغرا كېلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. 80 ناچە ناھىيىدىن 70 نەچچە ناھىيىنىڭ مالىيىسىدە قىزىل رەقەم بولۇپ، دائىم مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى نامرات ناھىيىلەردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ھەققى، ئوتتۇرىسكا خىراجىتىنى ۋاقتىدا ھېساب قىلغىلى بولمايدۇ؛ كېلەر يىلنىڭ ئوزۇقىنى بۇ يىل يەپ بولىدىغان ئەھۋال خېلى ئومۇملىشىپ قالغان.

شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈكى بايلىقتا، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئۈمىدى ئېچىشتا. شىنجاڭنىڭ بايلىقلارنى كەڭ كۆلەمدە ئاچقان ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كۈنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىگەن ۋاقتى! «تەكلىپ» شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىغە قارىتا غايەت زور ئىلھام، شىنجاڭنىڭ بايلىقنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتا غايەت زور تارىخىي پۇرسەت. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، 8 - بەش يىللىق پىلانىنى ئورۇنداپ بولدۇق، ئەمما، قايسىبىر بەش يىللىق پىلان ۋە كەلگۈسى پىلانمۇ 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانغا ئوخشاش شىنجاڭنىڭ ئېچىش ۋە تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكە - شەھەرلەر ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويغان ئەمەس. مەركەز 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنى چوڭايتماقچى، شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى چوڭ بولىدۇ. «تەكلىپ» تە دۆلەت كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللىشى كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى: مەركەز مالىيىسىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىدىغان قېلىپلاشقان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلاردا

بايلىقلارنى ئېچىش ۋە مول مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئورۇنلاش-تۇرۇش؛ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا پائال ئىلھاملاندۇرۇش؛ بايلىق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھا سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ شەرقىي قىسىمدىكى بەزى بايلىقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاش ئىشىنى ۋە ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا يۆتكەش. شەرقىي قىسىمدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار ساھە بويىچە ياردەم قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشى كېرەك؛ دەپ كۆرسىتىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەلگۈسىدە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ۋە قۇرۇلىدىغان بەش رايون خاراكتېرلىك مۇھىم رايون بار، يەنى شاڭخەي باشلامچى قىلىنغان چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىسادىي رايونى، جۇجياڭ دېلتىسى ۋە فۇجيەن دېڭىز بويى رايونى، شەندۇڭ يېرىم ئارىلى، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئاساس قىلىغان بوخەي رايونى، بېيجىڭ - جيۇلۇڭ تۆمۈريول لىنىيىسى رايونى ۋە ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكى لىنىيىسى رايونى، بۇ بەش چوڭ ئىقتىسادىي رايون ئىچىدە شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت بۇ رايونغا تەۋە، ئۇ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئەڭ غەربىي قىسىم كۆۋرۈك ئىستىھكامى بولۇپ، چەت ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

«تەكلىپ» تە يېزا ئىگىلىكى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان، يېزا ئىگىلىكىدە يەنە ئاشلىق بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش گەۋدىلىك تەكىتلەنگەن؛ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا نۇقتىلىق ھالدا خېيلۇڭجياڭ، شىنجاڭ، خۇاڭخې - خۇەيخەيلەرنى ئېچىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. دۆلەتنىڭ غەربىي -

جەنۇب، شەرقىي ـ شىمال ۋە غەربىي ـ شىمالدىكى كونا كارخانىلارنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىدىغانلىقى، كۆمۈر، نېفىت، پاختا بايلىقىنى نۇقتىلىق ئاچىدىغانلىقى ۋە قۇرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نې-فىت، پاختا بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، بۇ شىنجاڭغا قارىتا ئېيتقاندا تارىختا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور پۇرسەت. پۇرسەتكە دۇچ كېلىش تەس، ئۇنى يەنە قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

بايلىقلارنى ئېچىش بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ھەرقايسى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنى ئو-ڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش (مەسىلەن، «ئوغۇتلۇق سۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىزىغا ك-رىپ كېتىشى» دىن ئەنسىرەش ئىدىيىسى، بولۇپمۇ بايلىقلارنى ئېچىشنى «دۆلەت شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش» دېيىش قاتارلىقلار)، ئېچىۋېتىش، دەرىجىسىنى چوڭايتىش (مەسىلەن، شىن-جاڭنىڭ بايلىقلىرىغا قارىتا ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھەر خىلدىكى بايلىقلارنى ئېچىشتا مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى شىركەت، كارخانىلارنىڭ قاتنىشىشىغا ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا يول قويۇش، يالغۇز مەبلەغ سېلىش، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش، ھۆددىگە ئېلىش، ئىجارىگە ئېلىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەرنى سىناپ كۆرۈش) بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ ئۇل مۇئەسسەسەلەر شارائىتىنى ياخشىلاش، ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىش بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئاساسى؛ رەھبىرىي كادىرلار ۋە فۇنكسىيىلىك تار-ماقلارنىڭ ئەستايىدىل بولۇشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ كاپالىتى.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى چوڭايتىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ـ تۇتالماسلىق، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلە-تىش ـ تېزلىتەلمەسلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈز-

لىنىشى. بۈگۈنكى دۇنيا ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا بولۇپ، ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ بېكىنمىچىلىك ھالىتىدە تەرەققىياتنى كۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ، تەبىئىي بايلىقلارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى بارغانسېرى چوڭايماقتا، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بارلىق بايلىقلارغا ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، تەبىئىي بايلىقى بىر قەدەر مول دۆلەت بولغاندىمۇ خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئارتۇق بىلەن كەمنى تەڭشەپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى لازىم. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى تەكشى ئەمەس، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىغا كېرەكلىك بولغان بەش چوڭ ئامىل مەبلەغ، بايلىق، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى، بازاردىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق دېيەرلىك. ھەر بىر دۆلەت، مەيلى ئۇ چوڭ - كىچىك، ياكى باي - نامرات بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكى ھەم ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكى بار. ھەر قانداق دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارا ئىش تەقسىماتىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشى، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىشى، بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى، بېكىنمىچىلىك تىپىدىكى ئىقتىسادنى ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇڭا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم بازار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ھەم ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەجرىبىسى. بىر دۆلەت مۇشۇنداق، بىر ئۆلكە بولغان شىنجاڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا

ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى لازىم . چوڭ ئېچى-
ۋەتكەندىلا ، چوڭ تەرەققىيات بولىدۇ ؛ ئۆزىنى ئۆزى قامال قىلىۋالغاندا
ئارقىدا قېلىش كېلىپ چىقىدۇ ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى چوڭ ئېچىشتىن ئى-
بارەت تارىخىي پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ .

# سەككىزىنچى باب

## پىلانلىق تۇغۇت — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك

### بىرىنچى بۆلۈم پىلانلىق تۇغۇت — دۆلەتنىڭ تۈپ سىياستى

1. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

جۇڭگو زېمىنى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، ئىقتىسادىي ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز بولغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «جۇڭگودا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاز دېگەندە ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىكنى كۆرۈشىمىز لازىم: بىرى، ئاساسىمىز ئاجىز؛ يەنە بىرى، ئاھالە كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز. ئادەم كۆپ بولۇشنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، پايدىسىز تەرىپىمۇ بار، ئىشلەپچىقىرىش تېخى يېتەرلىك راۋاجلانمىغان شارائىتتا تاماق يېيىش، مائارىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېغىر مەسىلىگە ئايلاندى، بىز پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشىمىز لازىم.» بىر قانچە يىللاردىن كېيىن نوپۇس قايتا كۆپەيمىگەندىمۇ، ئاھالىنىڭ كۆپلىكى مەسىلىسى مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تېرىلغۇ يەر ئاز، ئاھالە كۆپ، بولۇپمۇ دېھقانلار كۆپ بولۇشتەك بۇنداق ھالەتنى ئاسان ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئويلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىككە ئايلانغان. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئۇنۇۋېرسال دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىش، نوپۇس بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكەت-

مىز 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى ھەمدە 80 ـ يىللارنىڭ باش- لىرىدىلا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇس سانىنى چەكلەش، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تۈپ دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بېكىتتى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە بىۋاستە رەھبەرلىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ قوللىشى ئار- قىسىدا، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىرلىكتە تۇتۇشى، پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرى، شۇنداقلا ھەر مىل- لەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈ- رۈلدى.

بىرىنچى، ئاياللارنىڭ تۇغۇش سەۋىيىسى روشەن تۆۋەنلەپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاستىلىدى. 1970 ـ يىلى بى- لەن 1994 ـ يىلىنى سېلىشتۇرغاندا، ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 33.40‰ تىن 17.7‰ كە چۈشتى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 25.53‰ تىن 11.21‰ كە چۈشتى؛ ئاياللارنىڭ يىغىندى تۇغۇش نىسبىتى (توي قىلىپ بولغان بىر ئايالنىڭ ئۆمۈر بويى تۇغقان باللىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى) 5.81 دىن 2.0 ئۆپچۆرىسىگە چۈشتى. 25 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە 300 مىليون نوپۇس ئاز كۆپەيدى. بۇ نوپۇسنىڭ تېز كۆ- پىيىشىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلىشالماسلىقىدەك زىددىيەتنى پەسەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيا نوپۇسىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى.

ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ تۇغۇت قارىشى كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئاز پەرزەنتلىك بولۇش، بېجىرىم پەرزەنت- لىك بولۇش تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرمەكتە. دەسلەپكى ئوتتۇرىچە توي

قىلىش يېشى 1970 ـ يىلىدىكى 20.19 ياشتىن 1993 ـ يىلىدىكى 22.67 ياشقا كۆتۈرۈلۈپ، 2.48 ياش ئۆستى. تۇغۇت يېشىدىكى كۆپ ئاياللار بارغانسېرى ئۆز ئىختىيارىي بىلەن كېچىكىپ توي قىلىدىغان، ئاز پەرزەنتلىك بولىدىغان بولدى ھەمدە ئارىلىق قالدۇرۇپ پەرزەنت كۆرۈشنى يولغا قويدى. 1993 ـ يىلى توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش يېشىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش نىسبىتى 82 پىرسەنتكە يەتتى.

ئۈچىنچى، خەلقنىڭ ساغلاملىق ۋە تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ئاھالىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى‰ 20تىن نۆۋەتتىكى‰ 10 ـ ‰ 7 ئارىلىقىغا چۈشتى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى 1949 ـ يىلىدىكى 35 ياشتىن 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى 70 ياشقا كۆتۈرۈلدى. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۈمەن/ 150 تىن تۈمەن/ 9.5 كە چۈشتى. بالىلارنىڭ پىلانلىق ئىممۇنىت نىسبىتى 85 پىرسەنتتىن ئاشتى، 15 ياشتىن يۇقىرى بولغان ساۋاتسىزلار سانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1982 ـ يىلىدىكى 22.8 پىرسەنتتىن 1990 ـ يىلىدىكى 15.86 پىرسەنتكە چۈشتى. 1993 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېشى مۇۋاپىق بولغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.8 پىرسەنتكە يەتتى.

تۆتىنچى، كەڭ ئاياللارنىڭ ئورنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كەڭ ئاياللار تويدىن كېيىنكى كۆپلەپ پەرزەنت كۆرۈش ھالىتى ۋە ئېغىر ئائىلە يۈكىدىن قۇتۇلۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ كۆپرەك قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، ئائىلىدىكى ئورنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، نەسىل قالدۇرۇش سالامەتلىكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوغدالدى.

پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلۇش بىلەن نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى تىزگىنلەندى، مۇھىت ئاسراشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، شەھەرلىشىش تەرەققىياتى تېزلىتىلدى، نامراتلىقنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش جەھەتتىمۇ

كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

2. نوپۇس بىلەن تەرەققىيات دۇچ كەلگەن جىددىي مەسىلىلەر.

جۇڭگو دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەت بولۇپ، 1995 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگونىڭ نوپۇسى (تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندا) 1 مىليارد 200 مىليونغا يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق نىسبىتى كەمچىل، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تەكشى بولمىغانلىقتىن نوپۇس بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. تەرەققىيات تۆۋەندىكىدەك جىددىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە:

بىرىنچى، نوپۇسنىڭ زور بولغان ئېشىش مىقدارى يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆسۈشىنى چەكلەپ تۇرماقتا. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە ھەر يىلى تۇغۇلىدىغان نوپۇس سانى 22 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، يىللىق ساپ كۆپىيىدىغان نوپۇس 14 مىليون ئۆپچۆرىسىدە، بۇ مەملىكىتىمىزگە قارىتا ئېيتقاندا ئېغىر بىر يۈك. بۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، تۇرالغۇ ئۆي - جاي، قاتناش، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق تەرەپلەردە ناھايىتى بېسىم پەيدا قىلماقتا. جۇڭگودا ھەر يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن مىللىي دارامەتنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىدىن كۆپرەكى يېڭىدىن كۆپەيگەن نوپۇسقا سەرپ قىلىنىدۇ، بۇ مەبلەغنىڭ جۇغلىنىشىنى ئازايتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى چەكلەپ، مائارىپ، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر يىلى 20 مىليون ئاھالە ئەمگەك يېشىغا كىرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، نۆۋەتتە يېزىلاردىكى ئوشۇقچە ئەمگەك كۈچى 120 مىليونغا يەتتى، نامرات ئاھالە 85 مىليون. نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان بېسىم بارغانسېرى چوڭ بولماقتا.

ئىككىنچى، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى تەبىئىي بايلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ

نوپۇسى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بولسا دۇنيا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى داۋاملىق ھەر يىلى 300 مىڭ گېكتارلىق سۈرئەت بىلەن ئازىيىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۇدا ئازىيىپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ھەر يىلى سۇ ۋە شامالنىڭ تەسىرى بىلەن يالىنىپ كېتىدىغان تۇپراق 500 مىڭ تونىنا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى پەقەت 13.4پىرسەنتكىلا يېتىدۇ. سۇ بايلىقى كەمچىل بولۇپ، 300 شەھەردىكى ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىدىغان سۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، يېزىلاردا تەخمىنەن 5 مىليون ئاھالىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى قىيىن. مەملىكىتىمىزدە 85% شەھەر ئاھالىسى ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇ كۆمۈردىن كېلىدىغان بولغاچقا، كۆمۈر گازىنىڭ چوڭ ئاتموسفېرانى بۇلغىشىنىڭ ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىگە بولغان زىيىنىدىن ساقلىنىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك.

ئۈچىنچى، ئاھالىنىڭ قېرىلىشىپ كېتىشى. 2000 ـ يىلى مەملىكىتىمىز قېرىلاشقان دۆلەت قاتارىغا كىرىدۇ. ياشانغان ئاھالىنىڭ بېقىلىش مەسىلىسى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان پېنسىيە پۇلى، داۋالاش خىراجىتى ۋە ھەر خىل پاراۋانلىق چىقىملىرى مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزمەكتە.

ئۇنىڭدىن سىرت، كونا ئىنقىلابىي بازىلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلاردا تۇغۇت نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بايلىقلارنى ئېچىش، پايدىلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈر. يېقىن تۇغقانلار توي قىلىدىغان ۋە بالدۇر توي قىلىپ، بالدۇر پەرزەنتلىك بولىدىغان ئەھۋاللار كۆپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللەر، يەرلىك كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى قوشۇلۇپ، تۇرمۇشنىڭ نامراتلىقى، ئاھالە ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كەل-

تۇرۇپ چىقىرىدۇ .

3 . پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش بىردىنبىر توغرا تەدبىر .

نوپۇس مەسىلىسى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ مەسىلە . جۇڭگو 1 مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەت ، بۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى ئويلىشىمىزدىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز . يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنىڭ نوپۇس سىياسىتىمىز ستراتېگىيىلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ سىياسەت دېگەنىدى . ئۇدا تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نوپۇس پىلانىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەش لازىم . ئەگەر نوپۇس قارىغۇلارچە كېڭىيىپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشالماي قالسا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايلا قالماستىن ، بەلكى بايلىقلار بىلەن مۇھىت مۇقەررەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ . بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى ، نوپۇس بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ ، نوپۇس كۆلىمىنى ياخشى تىزگىنلىگەندە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، نوپۇسنىڭ بەك كۆپ بولۇشىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بولغان بېسىمىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ ؛ ئەكسىچە ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئېشىشى قارىغۇلارچە ئاشقان نوپۇس تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلىدۇ ، بىزنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز تەسكە چۈشىدۇ . خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خېيىم - خەتەرنىمۇ ئويلىشىمىز ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى ئويلىشىمىز لازىم . شۇڭا ، پىلانلىق تۇغۇتنى قەتئىي يولغا قويۇش ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش ، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — جۇڭگونىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى ئاستىدا خەلققە ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا

مەسئۇل بولىدىغان ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىندا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، نوپۇس ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش لازىم. مەملىكىتىمىز نوپۇسىنىڭ ئاساس سانى چوڭ بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا يەنە 200 مىليون نوپۇس كۆپىيىدۇ. بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە پۈتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئېغىر يۈك بولۇپ، تۈرلۈك تەلەپلەرنى قويىدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بېسىمنىمۇ چوڭايتتى.» لى پېڭ زۇڭلىمۇ يىغىندا: «بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇس بىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى ئويلىشىمىزدىكى ئاساسىي چىقىش نۇقتىمىز... نوپۇس سانىنىڭ كۆپ، ئۆسۈشىنىڭ تېز بولۇشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىق. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نوپۇسنى تىزگىنلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ، ئەمما تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، مۇھىم نۇقتىنى يېزىلار ۋە شەھەرلەردىكى كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. نوپۇس ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش، بېجىرىم پەرزەنتلىك بولۇپ، ئوبدان تەربىيىلەش، مەدەنىيەت، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. نوپۇس ساپاسى ئۆسسە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشكىمۇ پايدىلىق.» دەپ كۆرسەتتى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئۇزاق مۇددەت، قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، 2000 يىلى نوپۇسنى 1 مىليارد 300 مىليون ئىچىدە، 2010 - يىلى 1 مىليارد 400 مىليون ئىچىدە تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

## ئىككىنچى بۆلۈم نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دۇنياۋى ئېقىم

### 1. دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى

نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا نوپۇسى ئازدىن كۆپىيىشتەك ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى.

17 - ئەسىردىن بۇيان، دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى ئالاھىدىلىكلەر مەيدانغا كەلدى.

بىرىنچى، نوپۇس ئۇدا يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ باردى. 1600 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە دۇنيا نوپۇسى 540 مىليوندىن تەرەققىي قىلىپ 4 مىليارد 400 مىليونغا يەتتى. بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى تېخىمۇ تېز بولدى، 1950 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچىلا دۇنيا نوپۇسى 2 مىليارد 400 مىليوندىن تەرەققىي قىلىپ 4 مىليارد 400 مىليونغا يېتىپ 30 يىلدا 2 مىليارد ئادەم كۆپەيدى.

ئىككىنچى، نوپۇس ئاشقان رايونلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. 1950 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە تەرەققىي قىلغان ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، ئوكيانىيىلەردە نوپۇسنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 0.1% بولغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەردە بولسا 2.2 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلگەن. شۇڭا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ دۇنيا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1950 - يىلىدىكى 70.1 پىرسەنتتىن تېز سۈرئەتتە 77 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭەيگەن.

ئۈچىنچى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىدە‰ 30 تىن يۇقىرىراق ھالەت ساقلىنىپ كەلگەنىدى، 70 ـ يىللاردىن كېيىن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر نوپۇس بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئەگەر نوپۇس يەنىلا يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتىدە تۇرىدىغان بولسا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك تۈردە ياخشىلىنىشىغا مۇقەررەر ھالدا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. شۇڭا، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تۇغۇلۇش نىسبىتى تەدرىجىي ھالدا چۈشۈشكە باشلاپ 1980 ـ يىلى‰ 28 كە يەتتى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى‰ 20 تىن 1980 ـ يىلىدىكى ‰ 17.1 كە چۈشتى. نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاشقا باشلىدى. ئىنسانىيەت قارىغۇلارچە، ستىخىيىلىك تۇغۇشتىن ئۆزىنى ـ ئۆزى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا يۈزلەندى. نوپۇسنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى يۇقىرى سۈرئەتتە تۇغۇلۇش، تۆۋەن سۈرئەتتە ئۆلۈش، يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى شەكىلدىن تۆۋەن سۈرئەتتە تۇغۇلۇش، تۆۋەن سۈرئەتتە ئۆلۈش، تۆۋەن سۈرئەتتە ئېشىشتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان شەكلىگە ئۆتتى. خەلقئارادا پىلانلىق تۇغۇت بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر 1952 ـ يىلىدىكى سەككىزدىن، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ 130 غا يەتتى. مەسىلەن، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئىچىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن ھازىرغىچە سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت. قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى يەنىلا تۇغۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىن سىرت، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن، پاكىستان 50 ـ يىللاردىن باشلاپ ئائىلە تۇغۇت پىلانىنى يولغا قويدى، 60 ـ يىللاردا ئائىلە تۇغۇت پىلانىنى دۆلەت سىياسىتى قىلدى ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش باسقۇچىغا كىردى؛ مىسىر ئەڭ

بالدۇر مۇئەييەن ھەرىكەت قوللىنىپ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تېزگىنلىگەن دۆلەت . 1953 ـ يىلى مەملىكەتلىك نوپۇس كومىتېتى قۇرۇلغان . 1962 ـ يىلى ناسىر زۇڭتۇڭ نوپۇسنىڭ ئېشىشىنىڭ ناھايىتى تېز بولۇپ كېتىشى مىسىرنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەن . 1971 ـ يىلى سادات زۇڭتۇڭ نوپۇس ناھايىتى تېز كۆپەيسە مىسىرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىدىن ئۈمىد بولمايلا قالماستىن ، ھەتتا ھازىرقى سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەسكە چۈشىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەن . نوپۇسنى تېزگىنلەش يولغا قويۇلـ غانلىقتىن ، 1983 ـ يىلغا كەلگەندە مىسىرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 700 ئامېرىكا دوللىرىغا كۆتۈرۈلگەن .

1980 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قارىتا ئالدىن مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىپ ، نوپۇسـ نىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا تۆۋەنلەپ 70 ـ يىللاردىكى ‰ 19 تىن 1995 ـــ 2000 ـ يىلغا بارغاندا‰ 17 كە چۈشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن . دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى 1993 ـ يىلىدىكى 5 مىليارد 500 مىليوندىن 2000 ـ يىلغا بارغاندا 6 مىليارد 120 مىليونغا كۆپىيىدىكـ ەن ، 2025 ـ يىلغا بارغاندا 8 مىليارد 200 مىليونغا يېتىدىكەن ، 2050 ـ يىلغا بارغاندا 9 مىليارد 700 مىليون بولىدىـ كەن ، 2100 ـ يىلغا بارغاندا 10 مىلياردتىن ئاشىدىكەن ، 2110 ـ يىلغا بارغاندا نوپۇسنىڭ ئېشىشى توختاشقا يۈزلىنىپ ، 10 مىليارد 500 مىليونغا يېتىدىكەن .

2 . دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى .

بىرىنچى ، ئەمگەك ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن . نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن ئارتىپ كەتكەندە ئاھالىنىڭ كۆپلەپ ئىشسىز قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . مەسىلەن ، ئامېرىكىدا 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا

ئوتتۇرىچە ئىشسىز ئاھالە 2 مىليون 440 مىڭ ، 1970 ـ يىلى 4 مىليون 600 مىڭ بولغان بولسا ، 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە 9 مىليون 600 مىڭ بولغان . ھىندىستاندا 1950 ـ يىلى شەھەرلەردە تىزىمغا ئالدۇرغان ئىشسىزلار سانى 330 مىڭ بولۇپ ، 1961 ـ يىلى 1 مىليارد 830 مىڭغا كۆپەيگەن ، 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە 12 مىليارد 670 مىڭغا يەتكەن . كۆنسايىن كۆپىيىپ بېرىۋاتقان ئەمگەك ئاھالىسىنى ئىشقا قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش دۇنيادىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنى ئىنتايىن بېشى قاتىدىغان قىيىن مەسىلىگە ئايلاندى .

ئىككىنچى ، شەھەر نوپۇسىنىڭ جىددىي كۆپىيىشى شەھەرلەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى ، مەسىلەن ، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىنلاشتى ، تۇرالغۇ ئۆي ـ جاي جىددىيلەشتى ، يەر باھاسى ئۆچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى ، قاتناش قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتتى ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى ، مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى . نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر بۇنىڭغا چارە كۆرۈشكە ئامالسىز قېلىپ ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى .

ئۈچىنچى ، ئاھالىنىڭ ياشاش مۇھىتى يامانلاشتى . نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ، شۇنداقلا ياشاش ئۈچۈن تەبىئىي بايلىقلارنى ناھايىتى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش تۈپەيلىدىن ئورمان بايلىقى يىلىغا 400 گېكتارلىق سۈرئەت بىلەن ئازايماقتا . يەرلەرنى قالايمىقان ئېچىش ، تال ـ دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىش ، مال ـ چارۋىلارنى قالايمىقان بېقىش تۈپەيلىدىن قۇملۇق بارغانسېرى كېڭەيمەكتە . پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى 5 مىليوندىن 7 مىليونغىچە گېكتار يەر قۇملۇقلاشماقتا . ئۇنىڭدىن سىرت ، ھەر يىلى 5 مىليون گېكتار يەر شورلىشىپ تېرىشقا بولماي قېلىۋاتىدۇ . مۇھىت بۇلغىنىش كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقاچقا ، بىر قىسىم رايونلاردا كىسلاتالىق يامغۇر ياغدى ، دەريا سۇلىرىنىڭ قارىيىپ كېتىشى ، ئورمانلار-

نىڭ قۇرۇپ كېتىشى يۈز بەردى. ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار ئۈن ـ تىنسىز يوقاپ كەتتى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا 110 خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، 139 خىل قۇشنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. ئالدىن مۆلچەرلىشىچە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە دۇنيادا ھەر بىر سائەتتە بىر خىل ھايۋانات يەر يۈزىدىن يوقىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كۆپلەپ قەرزگە بوغۇلۇپ، قەرزى 70 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئاچچىق پاكىتلار كۆپ ساندىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نوپۇسنىڭ بەكمۇ تېز ئېشىشىنىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تېرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوپۇس مەسىلىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت. ھەر خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇش، نوپۇسنىڭ بەكمۇ تېز ئېشىشىنى تىزگىنلەيدىغان دۆلەت پىلانى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىستان، مىسىردىن سىرت، يەنە تۇنىس، تۈركىيە، ئىران، ئىراق، ئالجىرىيە، ماراكەش، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، تايلاند، ھىندىستان، لىۋان، كورىيە، سىنگاپور، بېنگال، ياپونىيە، كومورو، ۋېيتنام قاتارلىق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، نوپۇس بىلەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

## 1993 ـ يىلى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى جەدۋىلى

| رايون | نوپۇسنىڭ مۇتلەق سانى ( مىليون ) | تۇغۇلۇش نىسبىتى ( ‰ ) | ئۆلۈش نىسبىتى ( ‰ ) | تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى ( ‰ ) | بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ( ‰ ) | ئومۇمىي تۇغۇت نىسبىتى | تۇغۇلۇپ كۆزلەنگەن ئۆمۈر ( يىل ) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ( ئامېرىكا دوللىرى ) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۇنيا | 5506 | 26 | 9 | 16.0 | 70 | 3.3 | 67 | 4180 |
| تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر | 1230 | 14 | 9 | 1.4 | 14 | 1.8 | 78 | 15420 |
| تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر | 4276 | 29 | 9 | 20.0 | 77 | 3.7 | 64 | 870 |
| جۇڭگو | 1178.5 | 18 | 7 | 12.0 | 53 | 1.9 | 71 | 370 |

ئىزاھات : بۇ جەدۋەل 1994 ـ يىلىدىكى « جۇڭگونىڭ پىلانلىق تۇغۇت يىلنامىسى » دىن ئېلىندى .

### ئۈچىنچى بۆلۈم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز دۇنيادا تارىخى ئۇزۇن بولغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى . جۇڭگودا 56 مىللەت بولۇپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى جەمئىي 90 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 8.04 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . ھەر قايسى مىللەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش كۆرىشىدە مۇھىم تۆھپە قوشقان .

1 . پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، دۆلەت بىر قاتار تەدبىرلەرنى

قوللانغانلىقتىن ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى ، ئالدى بىلەن ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى توغرىسىدىكى سىياسەتلەر بەلگىلىنىپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ ، باراۋەر ، ئىتتىپاق ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇلۇپ ، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم ، بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرمەكتە. ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ماددىي ، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسى تېرىشىپ ياخشىلاندى ۋە ئۆستى. ئىككىنچىدىن ، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋال ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت كەڭ بولۇشتىن ئىبارەت تۇغۇت سىياسىتىنى قوللاندى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئومۇميۈزلۈك ناھايىتى تېز بولۇپ ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەدرىجىي ھالدا 2.3 پىرسەنتتىن ئېشىپ باردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1953 ـ يىلى 35 مىليون 320 مىڭ بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 6.1% ئىدى. 1990 ـ يىلى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرگەندە 91 مىليون 200 مىڭغا يېتىپ پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 8.04 پىرسەنتتىنى ئىگىلىدى. نوپۇسىنىڭ ئېشىشى بەكمۇ تېز بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىسىز. شۇڭا ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەش مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم شەرت.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: « ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە مىللىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لازىم. » ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئاز سانلىق

مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلەشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن.

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەت جايلارغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بىر سەۋەب، نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن نوپۇسنىڭ بەك تېز ئېشىشىنى ئۈنۈملۈك تۈردە تىزگىنلەپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، بۇ تۇغۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشى تەس بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب. ھالبۇكى، نوپۇسنىڭ ئۆسۈشىنىڭ بەك تېز بولۇپ كېتىشى يەنە ئاھالە ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆستۈرۈلمىسە، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرىمەن دېگەن بىلەنمۇ يۈكسەلدۈرۈش تەس. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئىچىدە 12 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان باللار ئارىسىدا يېڭى ساۋاتسىزلار تەدرىجىي كۆپەيمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك كېسەللەرنىڭ زىيان – زەخمەت يەتكۈزۈشى ۋە يېقىن ئۇرۇق – تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەقىلسىز، گومۇش، ساراڭلارنىڭ سانىمۇ بىر قەدەر كۆپ.

ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گەرچە يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ

كۆپىيىشى، ھايات كۆچۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بوستانلىق كۆلىمى ئاز، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز، زىچلىق دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولۇشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

بۇلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە ئۆسۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەش نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۆز ئارا ئۇيغۇنلاشتۇردى، بايلىقلاردىن پايدىلىنىش بىلەن مۇھىتنى ئاسراشنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

80 ـ يىللاردىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇتنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. ئاياللارنىڭ ئومۇمىي تۇغۇت نىسبىتى 1979 ـ يىلىدىكى 4.5 تىن 1989 ـ يىلىدىكى 2.89 غا چۈشتى. ئەمما پىلانلىق تۇغۇت باشلىنىشى كېيىن، ئاساسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت سەۋىيىسى يەنىلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ياش تۈزۈلۈشى كىچىك، يېشىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 20.8 بولۇپ، ئاھالىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش تىپى يەنىلا ئۆسۈش تىپىگە كىرىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىدە 15 ياشتىن يۇقىرى ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىز ئاھالىنىڭ نىسبىتى 31.4 پىرسەنتكە يېتىدۇ، بەزى ئەنئەنىۋى قاراش ۋە كونا قائىدە، نامۇۋاپىق ئادەتلەرنىڭ ھەمدە دىننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، بەزى رايونلاردا بالدۇر توي قىلىش، بالدۇر پەرزەنتلىك بولۇش، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ھەمدە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار توي قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار يەنىلا ئېغىر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاكتىپ، پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. لى پېڭ زۇڭلى 1993 ـ يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمىز شۇنى كۆرۈشى كېرەككى، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ياخشى تۇتۇش لازىم.

2. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىمۇ كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى قارار ماقۇللاپ: «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، ئاكتىپ شارائىت ھازىرلاپ، تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. 80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى يەنىلا ‰26 تىن يۇقىرى بولۇشنى، تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى ‰17 ئەتراپىدا بولۇشنى ساقلاپ، ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى ‰8.5 ۋە ‰6.2 تىن ئېشىپ كەتتى. نوپۇسنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئاستا بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئۇزۇندىن بۇيان نامراتلىق ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى. «كۆپ تۇغقانسېرى نامراتلىنىش، نامراتلاشقانسېرى كۆپ تۇغۇش» تىن ئىبارەت يامان خاراكتېرلىك دەۋر قىلىش ۋەزىيىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلماقتا. 1982 ـ يىلى 3 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئومۇمىي تۇغۇت نىسبىتى 5.46 ( خەنزۇلارنىڭ 2.0 ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ 5.39، قازاقلارنىڭ 6.73، موڭغۇللارنىڭ 5.06، قىرغىزلارنىڭ

7.37 بولغان . شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي توغۇت نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ . نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە ئۆسۈشى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ، ئاھالە ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىسىز . پىلانلىق توغۇت خىزمىتىنى تۇتمىسا بولمايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى . شۇڭا ، 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق توغۇتنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى » نى ئېلان قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق توغۇت يولغا قويۇلۇپ ، شىنجاڭنىڭ پىلانلىق توغۇت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى .

جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ( 1984 ) 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە : نوپۇسى 10 مىليوندىن ئوشۇق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئادەتتە خەنزۇلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش سانى بىلەن ئوخشاش بولۇشى لازىم ؛ نوپۇسى 10 مىليوندىن تۆۋەن بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەردە بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ئادەتتە ئىككى پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرى ۋە ئادەم شالاڭ بولغان رايونلاردا ئۆلچەم كەڭرەك بولسا بولىدۇ ، ئەمما مەيلى قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ، ئادەتتە تۆت پەرزەنتلىك بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . ھالبۇكى ، شىنجاڭ تۈزگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق توغۇت سىياستى مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى قېرىنداش ئۆلكە ـ رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياستىدىن كەڭ . بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى مەنپەئەتى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتى تولۇق كۆزدە تۇتۇلغان . بۇ سىياسەت كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ، تەربىيە بېرىش ئارقىلىق كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى يەنىلا

بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قالدى. پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغان يەتتە يىلدىن بۇيان كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 1988 ـ يىلىدىكى 30.03‰ تىن 1994 ـ يىلىدىكى 24.55‰ كە چۈشۈپ 5.48‰ تۆۋەنلىدى. 1995 ـ يىلىغىچە مۆلچەرلىنىشىچە، ئاز تۇغۇلغان ئادەم تەخمىنەن 300 مىڭ بولۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەرگە 3 مىليارد يۈەن بېقىش خىراجىتى ئىقتىساد قىلىپ بېرىلدى. نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى 1988 ـ يىلىدىكى 21.03‰ تىن 1994 ـ يىلىدىكى 15.98‰ كە چۈشۈپ، 4.05‰ تۆۋەنلىدى. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 78.27 پىرسەنتتىن 1993 ـ يىلىدىكى 90.78 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى، شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى 85 مىڭ 753 جۈپكە يەتتى. نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى پىلانلىق تۇغۇت ئاساس بىلىملىرى تەربىيىلىنىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قايغۇرغان ھالدا: «پىلانلىق تۇغۇت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بەك كېيىن قانات يايدۇرۇلدى، بىرقانچە يىل بۇرۇن قانات يايدۇرۇلغان بولسا بىزمۇ بۇنچىلىك كۆپ پەرزەنتلىك بولمىغان بولاتتۇق» دېيىشتى. خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن 1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سۆھبەت يىغىنىدا ئېيتقاندەك: «پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق.»

3. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قەتئىي چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش لازىم.

1994 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىليون 327 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 166 مىڭ 600 گە يېتىپ، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 62.26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى، تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 4 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، نوپۇسنىڭ ئۆسۈش ئەندىزىسى يۇقىرى

نىسبەتتە تۆۋەنلىشى ئوتتۇرا تۆۋەن، ئالاھىدە نىسبەتتە يۇقىرى، نىسبەتتە تۆۋەنلىش
تېپىدە تۇرماقتا. پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغان يەتتە يىلدىن بۇيان،
ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، تەشۋىقات سالمىقى كۈچەيتى-
لىپ، ھېسابات قىلىش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى
قوللىنىش پاكىت قويۇش، داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ
پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان تونۇشى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى، %90 ئاز سانلىق
مىللەت ئاممىسى تەدرىجىي ھالدا پىلانلىق تۇغۇتنى ئۆزىنىڭ ئاڭلىق ھە-
رىكىتىگە ئايلاندۇردى. خوددى يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر مىللىي يېزا
پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېيتقانىدەك: «بۇرۇن سىلەر بىزنى
پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇڭلار دەيتتىڭلار، ھازىر بىز پىلانلىق تۇغۇتنى
يولغا قويساق دەيدىغان بولدۇق.» نۇرغۇنلىغان دېھقان - چارۋىچىلار
پىلانلىق تۇغۇتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، ھاللىق سەۋىيىگە يې-
تىش، مەدەنىيەتلىك، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش بىلەن ئۆز ئارا
بىرلەشتۈردى. ئىلى ۋىلايىتىدە 1995 - يىلى «تۆمەن ئائىلىدە پىلانلىق
تۇغۇش، دېھقان - چارۋىچىلار ئاز پەرزەنتلىك بولۇپ بېيىش، قولنى قولغا
تۇتىشىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش» پائالىيىتى قانات
يايدۇرۇلۇپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ روھىي قىياپىتى، پەرزەنتلىك
بولۇش قارىشى، ئاياللارنىڭ ئورنىدا خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز
بەردى، پىلانلىق تۇغۇت ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە
قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئەمما، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر يامان غەرەز بىلەن ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا قارشى
تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قو-
يۇش «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى
چەكلىگەنلىك»، «خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بوغۇپ ئۆلتۈ-
رۈشى» دەپ ھۇجۇم قىلدى، پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنى ئۆلتۈردى.
ئۇلارنىڭ ئاساسسىز پىتنە - ئىغۋا توقۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈس-

تولۇن قىلىشتىكى مەقسىتى مۇشۇ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن بۆلۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى قانات يايدۇرۇشقا قارشى تۇرۇشى كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى «كۆپ تۇغقانسېرى نامراتلىنىش، نامراتلاشقانسېرى كۆپ تۇغۇش» تەك ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مانا بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تۇردە بوغقانلىق بولىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نامرات، قالاق ۋە نادان ھالەتتە قالدۇرىدىغان جىنايەتچىلەر.

ھەممىگە مەلۇمكى، نوپۇسنىڭ بەكمۇ تېز ئۆسۈشى جۇڭگو ۋە باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئېغىر بىر يۈكى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قېلىشتىكى مۇھىم بىر سەۋەب. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنى دۆلەتنىڭ بىر تۈپ سىياسىتى قىلغانلىقى پۈتۈنلەي توغرا، شۇنداقلا ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىش ئاشماسلىقىغا، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىغا ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختلىك بولۇش - بولالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى تېز بولۇپ، بۇ ئائىلە يۈكىنىڭ ئېغىر، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۈزۈلۈشىنىڭمۇ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار شۇ مىللەتلەرنىڭ تۆتتىن بىرىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلىدۇ. كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى بىر قەدەر تېز بولۇپ، ئائىلىنىڭ ساپاسى، ئىقتىسادىي سەۋىيە بىلەن ماس

كەلمىگەچكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي تۈردە گۈللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنىلا 1 مىليوندىن كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىدى. خۇددى 1993 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى تەكشۈرگەندە بىر دېھقان ئېيتقاندەك: «كېيىم بولسا پۇل يوق، قورساق تويسا گۆش يوق، ئۆي بولسا توك يوق.» تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىسسىنىش، تويۇنۇشمۇ تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتا قىيىنچىلىق تېخىمۇ كۆپ، بولۇپمۇ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەھەتتە ئىككى زىددىيەت كۆنسايىن گەۋدىلىك بولماقتا: بىرى، ئىنسانلارنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، بۇ ئۇمۇملۇقتىن ئېيتقاندا قۇملۇقلارنىڭ كېڭىيىپ ئادەملەرنىڭ چېكىنىش مەسىلىسى. يەنە بىرى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. شۇ جايلاردىكى ئامما بۇنى ئوبرازلىق ئوخشىتىپ: «ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستتا نوپۇس بىر يىلدا بىر ناھىيە كۆپىيىدۇ، تېرىلغۇ يەر بىر يېزا ئازىيىدۇ» دەيدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر پەقەت 1.5 مولا. نوپۇس قارىغۇلارچە ئۆسكەنلىكتىن ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، قاتناش، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق جەھەتلەر يېڭىش تەس بولغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە ئۆسۈشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يوققا چىقىرىپلا قالماستىن بەلكى نامراتلىق ۋە قالاقلىقنى كۈچەيتىدۇ.

نۆۋەتتە، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پەقەت شىنجاڭدىلا تۆت پەرزەنت بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان ئىنتايىن زور غەمخورلۇقى ۋە ئېتىبار بېرىشىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، شىنجاڭدىكى ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2000 ـ يىلغا بارغاندا 1988 ـ يىلىدىكى 8 مىليون 710 مىڭدىن 11 مىليون 900 مىڭغا كۆپىيىپ 3 مىليون 190 مىڭ نوپۇس ئاشىدۇ؛ ئوخشاش مەزگىلدە خەنزۇلار 5 مىليارد 470 مىڭدىن 6 مىليارد 550 مىڭغا كۆپىيىپ، 1 مىليون 80 مىڭلا نوپۇس ئېشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپەيگەن نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا توغرا كېلىدۇ. 2010 ـ يىلغا بارغاندا مۆلچەرلىنىشىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 14 مىليون 391 مىڭ 900 گە يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ پىرسەنتىنى 65.4 نى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 7 مىليون 610 مىڭغىلا يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 34.6 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كەلگۈسى 15 يىل ۋە كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى بىر قەدەر زور كۆلەمدە ئۆسىدۇ. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغانلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلىگەنلىك ۋە بوغقانلىق دەپ ھۇجۇم قىلىشى پۈتۈنلەي يامان غەرەز بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم ۋە قۇتراتقۇلۇق. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىپ، چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويۇپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم

### بىرىنچى بۆلۈم    پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم

دىن ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، سەنئەت، پەلسەپە قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە مەنسۇپ، ئوخشاشلا ئىجتىمائىي، تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ بىر خىل ئىنكاسى، ئوخشاشلا ئادەم ياراتقان. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۇ مۇئەييەن مەزگىلدە، بەزى ئالاھىدە رايون ياكى بەزى مىللەتلەردە تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى ئاستىراق بولۇشى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىسقا بولغان ئەكس تەسىرى بەزىدە تېخىمۇ تېز بولۇشى مۇمكىن.

ماركسىزم دىن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالى، بۇرمىلانغان ئىنكاسى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئاڭ، ئۆزىدىكى تۇيغۇ، بىر خىل «ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن دۇنيا قاراش» دەپ ھېسابلايدۇ. دىننى «ستىخىيىلىك دىن» ۋە «سۈنئىي دىن» دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. «ستىخىيىلىك دىن» بىر خىل تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدېئولوگىيە، دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىلىرى تېخى قېلىپلاشمىغان دىن. بۇ خىل دىن ئاساسلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە تېخىمۇ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئادەملەر توپى ئىچىدە ئېقىپ يۈرمەكتە. مەسىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن، ھازىرمۇ نۇرغۇنلىغان رايونلار ياكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن سامان دىنى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. «ستىخىيىلىك دىن» نىڭ يازما دىنىي

ئەقىدىلىرى ، دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرى ۋە مۇستەھكەم دىنىي تەشكىلاتلىرى يوق ، پەقەت ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سىرلىق ، تىڭىگە يەتكىلى بولمايدىغان ، مۇقەددەس ، چېقىلغىلى بولمايدىغان جىن ـ شەيتان دەپ قاراپ سەجدە قىلىدۇ . رېئال جەمئىيەتتىكى ئاتالمىش « سۇنىڭ سۇ ئىلاھى بولىدۇ » ، « كۆلدۇرمامىنىڭ كۆلدۇرماما خۇداسى بولىدۇ » « تاغنىڭ تاغ ئىلاھى بولىدۇ » دېگەن قاراشلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ مىسالى .

« سۇنئىي دىن » بىلەن « سىستېمىلىق دىن » ئوخشىمايدۇ . « سۇنئىي دىن » روھانىيلار ياكى دىنىي كەسىپتىكىلەر « سىستېمىلىق دىن » ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلىگەن ، ئىجاد قىلغان دىن . « سۇنئىي دىن » لارنىڭ مۇكەممەل ، سىستېمىلىق دىنىي ئەقىدىلىرى ، مۇستەھكەم دىنىي تەشكىلىي ئورگانلىرى ۋە پائالىيەت شەكىللىرى ، دىن نامى ، قانۇنلىرى بولىدۇ . ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىپ ، « ئاسماندىكى پادىشاھ » نى ياراتقان . بۇ « ئاسماندىكى پادىشاھ » بۇ دۇنيادىكى بالايى ـ قازا ، بەخت ـ سائادەتلەرنى بىلەلەيدۇ ، ئادەملەرنى ئوت ـ سۇدىن قۇتقۇزالايدۇ ، كىشىلەرگە ئۇ دۇنيالىق بەخت ئاتا قىلالايدۇ . ئۇ كىشىلەردىن سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى ، ئىتائەتمەن بولۇشنى ، « بۇ دۇنياغا ئۈمىد باغلىماي ، ئۇ دۇنياغا ئۈمىد باغلاش » نى ، دىنغا ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ روھىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . ھازىرقى زامان دۇنياسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئۈچ چوڭ دىن يەنى خرىستىئان دىنى ، بۇددا دىنى ، ئىسلام دىنى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە خرىستىيان دىنىنى يەھۇدىيلاردىن ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئىجاد قىلغان ؛ بۇددا دىنىنى ھىندىستانلىق ساكيامۇنى ئىجاد قىلغان ؛ ئىسلام دىنى بۇ ئۈچ دىن ئىچىدە ئەڭ ياش بولۇپ ، مىلادى 7 ـ ئەسىردە ئەرەبىستانلىق مۇھەممەت پەيغەمبەر ئىجاد قىلغان .

ماركسىزم يەنە دىنىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ ، پەقەت ئۆزلۈكىدىنلا يوقىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ . دىن بېقىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي سەۋەب ۋە ئىجتىمائىي مەنبە مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن دىن

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دىن بىقىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي سەۋەب ۋە ئىجتىمائىي مەنبە تەدرىجىي يوقالسا ياكى ئۆزگەرسىلا دىنمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. دىن بىقىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي سەۋەب ۋە ئىجتىمائىي مەنبە بولسا پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى. شۇڭا ماركس «يەھۇدىلار مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: «خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، كىشىلەر تارىخنى ئىرچىل تۈردە خۇراپاتلىق ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەلدى، ھالبۇكى، بىز ھازىر تارىخ ئارقىلىق خۇراپاتلىقنى چۈشەندۈرىدىغان بولدۇق.» دېگەنىدى. پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، پەن بىلىملىرى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشقان، ئىنسانىيەت تەبىئەتنى پۈتۈنلەي باشقۇرالايدىغان ۋە بويسۇندۇرالايدىغان بولغان، ئىنسانلار جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە، ئېزىش تۈزۈمى پۈتۈنلەي تۈگىتىلگەن، جەمئىيەتتىكى ماددىي بايلىقلار ئىنتايىن زور دەرىجىدە موللاشقان، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەندىلا دىن ئاندىن تەبىئىي ھالدا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشىدۇ. شۇڭا دىننىڭ يوقىلىشى ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىل بولۇپ، دىننى يوقاتماقچى بولۇشتەك نۇقتىئىنەزەر دىننىڭ مەيدانىغا كېلىش، ئۆزگىرىش ۋە يوقىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، بەلكى زىيانلىق. ئېنگېلس: «دىنغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش» ھەرىكىتىنى «بىر خىل ئەخمىقانە ھەرىكەت» دە ئەيىبلەپ، ئاددىي مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە قوپال ئۇسۇللار ئارقىلىق دىننى چەكلەش فاكتىنى ئەمەلىيەتتە «خۇدانىڭ كەتمىنىنى چاپقانلىق» دەپ كۆرسەتكەنىدى. دىننى ئەڭ ئاخىرى يوقىتىشتا پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئىنچىكە، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىش، ئادەمنى ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمنى يوقىتىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، دىننىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىشىدىكى ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتلارنى تىرىشىپ يارىتىشتىن ئىبارەت.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتى بىر

ئەگرى ـ توقاي يولنى بېسىپ ئۆتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئاۋۋالقى 17 يىل ئىچىدە گەرچە بەزى مۇھىم سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا، پارتىيە مەركەزنىڭ توغرا فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمما، 1957 ـ يىلىدىن كېيىن، دىنىي خىزمەتلىرىمىزدە «سول» خاتالىق تەدرىجىي ئۆسۈپ، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بۇ خىل «سول» خاتالىقتىن يامان غەرەز بىلەن پايدىلىنىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلىرىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى توغرا فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكار قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمىتىنى تۈپتىن ئەمەلدىن قالدۇردى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىن مەسىلىسىدىكى توغرا فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىبادەتخانا، چېركاۋ ياكى دىنىي پائالىيەت نۇقتىلىرىنى ئېچىش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە تەربىيىلەش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۇۋال قىلىنغان، ساختا، خاتا ئەنزىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ خەلقئارا دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ۋە چەت ئەل دۈشمەن دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق دىنىي قاراشقا ئاساسەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دىنىي

ئېتىقاد ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان، بىر قانچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق كەڭ دىنىي ئېتىقادچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئىسپاتلانغان دىنىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى 50 ـ يىللاردىن باشلاپلا پارتىيە-مىزنىڭ ھەر تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەمر ـ پەرمان، قائىدە ـ نىزاملىرىدا گەۋدىلەندۈرۈلدى ھەمدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم تارىخىي مەزگىللىرىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھامان ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيىنىڭ بۇ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدى. 1949 ـ يىلدىكى «جۇڭگو خەلق سىيا-سىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» ۋە 1954 ـ يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى بايان قىلىنغان. بۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشقان ھالدا، پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە دىنىي سىياسەتكە ۋە بۇ سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار ئەمر ـ پەرمان، يوليورۇق، قائىدە ـ نىزام قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى.

پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ مەركەزلىك، ئېنىق بايان قىلىنىشى ئاساسلىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ ئىككىنچى باب 36 ماددىسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئىك-كىنچى باب 11 ـ ماددىسىدىمۇ بەلگىلىمىلەر بار. پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بايان قىلىنغان دىنىي سىياسىتى مۇنداق: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-رىيىتىنىڭ پۇقرالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، جامائەت تەشكىلاتى ۋە شەخس پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىماسلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتمەسلىكى لازىم.

دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ. ھەر قانداق كىشى

دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقى لازىم.

دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي ئىشلار چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىمايدۇ. ئاتېئىزىمچى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا مۇشۇنداق ھۆرمەتلەش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياستىنى قوللىنىشى تارىختا كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. تارىختىكى ھەر قانداق بىر خۇدا گويلۇق پارتىيە ياكى تەشكىلاتلارنىڭمۇ ھەر خىل دىنلارنىڭ ئەركىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، ئەركىن ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. ئېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بارلىق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشى، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىشى، تىنچ ــ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىشى، زېھنىن ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشى لازىم.

بۇ يەردە، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستىنى توغرا چۈشىنىش مەسىلىسى بار.

، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياستىنىڭ جەۋھىرى «ئېتىقاد ئەركىنلىكى».

پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى تاق يۆنىلىشلىك ئەركىنلىك سىياستى بولماستىن، بەلكى قوش يۆنىلىشلىك ئەركىنلىك سىياستى. يەنى پارتىيىمىز پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، شۇنداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا، ئېتىقاد قىلىشمۇ، ئېتىقاد قىلماسلىقمۇ ئەركىنلىك بولۇپ، ھەر

ئىككىسى قوغدىنىلىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى» نىلا قوغدىشنى ياكى «دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى» نىلا قوغدىشنى تەشەببۇس قىلىش، ھەتتا دىني ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى «دىني ئەركىنلىك» دەپ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش نۇقتىئىنەزىرى خاتا.

دىني ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنىڭ بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى باشقا بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاش بىر دىن ئىچىدە بۇ مەزھەبكىمۇ، باشقا بىر مەزھەبكىمۇ ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ؛ شەخسكە قارىتا ئېيتقاندا، ئىلگىرى ئېتىقاد قىلىپ، ھازىر ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىۋە دىني تەشكىلاتلار، دىني كەسپتىكىلەرگە ئوخشاش پوزىتسىيە قوللىنىپ بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ ئۆز دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇش، ھەم باشقىلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇش، ھەم ئۆزىنىڭ مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىشنى قارشى ئېلىش، ھەم باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ باشقا مەزھەبلەرگە ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇش لازىم؛ تېخىمۇ مۇھىمى، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى قارشى ئېلىش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى پۇقرالارنىڭ دىنىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش. ئۇلارنى «دىنىنىڭ خائىنلىرى» دەپ قاراپ زەربە بەرمەسلىك، كەمستمەسلىك ھەتتا زىيانكەشلىك قىلماسلىق لازىم. بارلىق دىني زاتلار، دىني تەشكىلات مەسئۇللىرى، دىني روھانىيلارنىڭ ھەممىسى شۇنى بىلىشى لازىمكى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ ئىككىنچى باب 36 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن «ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، جامائەت تەشكىلاتى ۋە شەخس پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى

ئېتىقاد قىلماسلىقتا زورلىماسلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتمەسلىكى لازىم.» دېگەنلىكى «جامائەت تەشكىلاتى»، «شەخس» دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي روھانىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ، غەيرىي دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر بولغان تەقدىردىمۇ پۇقرالارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى مەجبۇرلاش ياكى كەمسىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ بەزى دىنىي ساھەدىكى زاتلار بۇ سىياسەتنى خاتا چۈشىنىدۇ، ئۇلار دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنىلا تەكىتلەپ، ئۆزلىرىنىڭ «دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقمۇ ئەركىنلىك» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىمەيدۇ. نەتىجىدە، مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، روھانىيلار قارىشىنى ئاكتىپلىق ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىشى لازىم.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، ئەسلىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئاممىدا ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، داۋاملىق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايدىغان بولدى، دىندىن چېكىنىپ چىقىش بىر خىل ناھايىتى نورمال، ناھايىتى تەبىئىي، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئىش بولۇپ، ھەيران قېلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش ئەمەس، ھەيران قېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بەزى ئامما ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە

كۆچ چىقىرىپ، دىنىي قارشى سۆسلىشىپ كېتىش ياكى دىنغا قايتا ئىشەنمەيدىغان بولۇش تۈپەيلىدىن كەمسىتىلىش ياكى زەربىگە ئۇچرىسا شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا، ۋاقتىدا قوغدىلىشقا ئىگە بولالمىسا، بۇنداق ئەھۋاللار ئوخشاشلا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە خىلاپ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۇچۇن دۆلىتىمىز يەنە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە مۇمكىنقەدەر كاپالەتلىك قىلىدۇ. نورمال دىنىي پائالىيەتلەر دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى، مەسىلەن، بۇددا دىنىدىكى بۇتقا چوقۇنۇپ كۆجە كۆيدۈرۈش، ئىبادەت قىلىپ نوم ئوقۇش؛ ئىسلام دىنىدىكى روزا تۇتۇپ ھېيت ئۆتكۈزۈش، ناماز ئوقۇش؛ خرىستىئان دىنىدىكى مىسسا، چوقۇندۇرۇش قاتارلىقلار. ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئەلۋەتتە ھەر خىل دىنلارنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىش لازىم. ئۇزۇندىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە، بۇتخانا، مەسچىتلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە يول قويماسلىق، شۇنداقلا دىنىي سورۇنلارنى رېمونت قىلىش، قوغداشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي بايرام كۈنلىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرى كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

ئەمما پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كاپالەتلىك قىلىدىغىنى «نورمال» دىنىي پائالىيەتلەر بولۇپ، ئۇ چەكلىمىلىكى يوق نەرسە ئەمەس. ئەگەر دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر قوغلىدىغان بولسا، بۇنىڭغا كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما قوشۇلمايدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈممۇ يول قويمايدۇ. بەزىلەر،

جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنىمۇ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى، قانۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ، بۇنى ئەلۋەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. خۇددى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەندەك «ھەر قانداق كىشى دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقى لازىم.» بۇ شۈبھىسىزكى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قارىتا بىر خىل ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، نۇرغۇنلىغان دىنلار دۆلەتتىن ھالقىپ تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەملىكىتىمىزدىكى بۇددا دىنى (جۈملىدىن زاڭزۇلاردا تارقالغان بۇددا دىنى)، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەللەردىن تارقىلىپ كەلگەن. تارىختىكى مەشھۇر يىپەك يولىدا ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشتىن سىرت دىن تارقالغان ۋە ئالماشتۇرۇلغان. دىنىنىڭ خەلقئارالىقى ئوبيېكتىپ پاكىت بولۇپ، تارىختا شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ شۇنداق. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن دىندىكى خەلقئارالىق بېرىپ - كېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئارىسىدا نورمال، دوستانە ئالاقىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا يول قويۇش بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. بۇ سىياسەتكە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلىرى چەت ئەللەردىكى دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئۆز ئارا زىيارەت قىلىشىپ دىنىي ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارسا بولىدۇ، بەلكى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ بۇ سىياسىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى

سۈرۈشكە پايدىلىق .

ئەمما ، جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلارنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق . ئىنسانلار تارىخىدا ، قورال كۈچى بىلەن ۋەيران قىلالمىغان دۆلەتلەر بولغان ، ئەمما دىن ئۆتەلمىگەن چېگرا بولمىغان . تارىختا بەزى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر چەت ئەل دىنىي كۈچلىرىگە بولغان ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان . بۇ تارىخىي ساۋاقلار ھەر بىر جۇڭگولۇقنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى لازىم . دەل مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىن مەسىلىسىدە يەنە « ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆزى باشقۇرۇش » تىن ئىبارەت فاڭجېننى قوللىنىپ ، چەت ئەللەردىكى ھەر قانداق كۈچلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا قول سېلىشى ، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىنى كونترول قىلىشى ، مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسەت ، ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويمىدى . بۇ فاڭجېن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ بولۇپ ، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى » دا بۇ فاڭجېن : « دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي ئىشلار چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىمايدۇ . » دەپ بايان قىلىنغان . بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ھەر بىر جۇڭگولۇق ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىملەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مەملىكىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشىدىن ساقلىنىشى ، چەت ئەللەردىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەملىكىتىمىزگە كېلىپ دىن تارقىتىشىغا ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇشىغا ، دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تۈركۈملەپ تارقىتىشىغا ھەتتا يەر ئاستى دىنىي جەمئىيەتلەرنى ، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قۇرۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويماسلىقى لازىم . مەملىكىتىمىزدىكى ھەر خىل دىنىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ، روھانىيلار ۋە تەننى ، دىننى سۆيۈش بايرىقىنى مەڭگۈ ئېگىز

كۆتۈرۈپ، تاشقى دىنىي پائالىيەتلەردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئابرويىنى قوغدىشى لازىم.

**ئىككىنچى بۆلۈم دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم**

دىن مەسىلىسى ئىزچىل تۈردە شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئۆلچەيدىغان بارومېتىر بولۇپ كەلدى. بۇنداق بولۇشنى شىنجاڭنىڭ تارىخى بەلگىلىگەن. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل دىنلار بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان بىر رايون. دىنىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور، ناھايىتى چوڭقۇر، ھەتتا بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ قويۇق دىنىي تۈس ئالغان. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بولۇپمۇ مۇھىم بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەم شىنجاڭدا سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش، ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ چېگرا رايوننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەم ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى چىقىش قىلىپ، ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ئېتىقاد ئەركىنلىكى بەردى ھەمدە ئۇلارغا ياردەم قىلىپ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇنى تارىختىكى ھۆكۈمەتلەر قىلالىغان ئەمەس، قىلىشتىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ھەم دىنغا ئەركىن ئېتىقاد قىلدى ھەم خۇشال ـ خورام ياشاپ، پارتىيىگە ئەگىشىپ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى سەپلەردىكى ئۇلۇغ

غەلىبىسى، ھەم پارتىيىنىڭ باشقا ھەر قايسى سىياسەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، ھەم پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى.

ئەمما، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، چەت ئەللىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭدا دىندىن پايدىلىنىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاش سۇيىقەستىدىن ۋاز كەچكىنى يوق. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ دىن مەسىلىسىدە ھە دەپ چاتاق چىقىرىپ، ئىچ بىلەن سىرت تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئارا دوست تارتىشىپ، قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەتتا پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. ئۇلار «دىنىي دۆلەت»، «دىنىي ھۆكۈمەت» قۇرۇشنى يەمچۈك قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىشقا قوزغاتماقتا ۋە قايمۇقتۇرماقتا.

ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشتە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇش ئۈچۈن، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ۋە دىنىي كەسپىكىلەر ئالدى بىلەن «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» نى توغرا چۈشىنىشى، توغرا چۈشىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

قەدىمدىن تارتىپ «ئەركىنلىك» توغرىسىدا قۇرۇق گەپ ساتقانلار ئاز ئەمەس، ئەمما ناھايىتى كۆپ مۇھاكىمە قىلغۇچىلار «ئەركىنلىك» نىڭ زادى نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغان. ھازىر «ئەركىنلىك» كە قارىتا خاتا چۈشەنچىلەر ئىچىدە ئەڭ ئومۇمىي بولغان بىر خىل قاراش «نېمە قىلىشنى ئويلىسام شۇنى قىلىمەن، باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە بۇ «ئەركىنلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى بۇرمىلىغانلىق.

بۇنداق خاتا چۈشەنچىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا

تەشكىل قىلىدىغان ئا-
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئادەم جەمئىيەتنى
مىل، شەخس جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى. ئىنسانلار جەمئىيەتى
نۇرغۇنلىغان شەخسلەردىن تەركىب تاپقان. سوتسىيالىستىك جەمئىيە-
تە، شەخس سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي
ئومۇمىي ئەخلاققا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى
ئېلىپ بېرىشى لازىم. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم، ئىجتىمائىي ئومۇ-
مىي ئەخلاق ھەمدە ھەر تۈرلۈك رەسمىي ياكى رەسمىي بولمىغان قائىدە -
نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلىق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى،
مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي
تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇش كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، كۆپ ساندىكى
كىشىلەر (كوللېكتىپ دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىش،
تاجاۋۇز قىلىش، جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ياخشى
تەرتىپلەرنى قالايمىقان قىلىش مۇقەررەر ھالدا دۆلەت دىكتاتۇرا ئورگانلى-
رىنىڭ جازاسى ياكى چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە، جازالاش ۋە
چەكلەشنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى قانۇن
ئارقىلىق چەكلەش.

بەزىلەر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى «دىنىي
ئەركىنلىك» دەپ بۇرمىلاپ چۈشىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ھەر قانداق
قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمايدۇ، نېمە قىلماقچى بولسا
شۇنى قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسىنى چەكسىز كېڭەيتىش
لازىم دەپ ھېسابلايدۇ، ھەتتا دىنىي ئىمتىيازلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
ئۇرۇنىدۇ. بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە خىلاپ،
شۇڭا ئىنتايىن خاتا ۋە يول قويۇلمايدۇ.

«ئېتىقاد ئەركىنلىكى» سىياسىتىنى كەمكۈتىسىز ئىزچىل ئىجرا
قىلىش بىلەن دىنىي ئىشلارنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن قانۇنغا ئاساسەن
باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، بارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى سوتسىيالىستىك
قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىش — بۇ بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى. ھەر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر چوقۇم مۇشۇنداق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دىنغا

ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى، دىنىي كەسپىي خادىملارمۇ تە-رىشىپ ئىجرا قىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئېخىمۇ مۇھىمى، ھەر بىر ئادەم ئاڭلىق تۇردە قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇن، قائىدە - نىزام، سىياسەتلەر يول قويغان دائىرە ئىچىدە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەت-ئىي قارشى تۇرۇشى ۋە چەكلىشى لازىم. 1989 - يىلى ۋە 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېلان قىلى-غان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى»، «دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ۋا-قىتلىق بەلگىلىمىسى»، «دىنىي كەسپىي خادىملارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، 1994 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلى-غان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇل-تىيى دائىمىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق بەلگىلىمە، قا-ئىدە، نىزاملارنىڭ ھەممىسى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىدىغان، تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان قانۇن - قائىدىلەر، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەر مىللەت ئاممىسى ئاڭلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم.

ھەممىگە مەلۇم، سوتسىيالىستىك قانۇنىي تۈزۈم دۆلەت كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئورتاق ئىرادىسى، ئورتاق مەنپەئىتىگە ئاساسەن تۇرغۇزغان قانۇن - تۈزۈم بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ۋە قانۇنىي مەنپەئىتىنى قوغداش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، جىنايى قىلمىشلارنى جازالاش، جەمئىيەت تەر-تىپىنى ۋە ئىقتىسادنى قالايمىقان قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى

چەكلەش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستە. شۇڭا، سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇن ۋە بارلىق قانۇن، قانۇن - قائىدىلەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش يولغا قويۇلغان، ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان قائىدە - تۈزۈملەر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، ھەر مىللەت خەلقى قىلچە سىرتتا قالمىغان ھالدا ئەستايىدىل رىئايە قىلىشى لازىم. دۆلەتنىڭ دۆلەت قانۇنى بولىدۇ، بۇ جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەردە ئوخشاش داۋلى. بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز قانۇنى بار، بۇ نۇقتىدا ھەر قايسى ئەللەر ئوخشاش. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، تارىخىي مەدەنىيەت مەنبەسى ئوخشاش بولمىغاچقا، قانۇن - تۈزۈملىرى خاراكتېر جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ ۋە مۇكەممەللىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئاما چەت ئەللەردە قانۇننىڭ چەكلىشى بولماسلىقى مۇمكىن دەپ قارايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە بىر خىل خاتا چۈشەنچە.

بىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، بىزنىڭ قانۇن - تۈزۈمىمىز قانۇن بولىدىكەن چوقۇم تايىنىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنسا چوقۇم تۈزىتىش، سوتسىيالىستىك قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش قاتارلىقلار. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئالدىدا ئالاھىدە تەبىقە، ئالاھىدە شەخس، ئالاھىدە توپ بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئاما ھامان قانۇننىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن خاتا، شۇنداقلا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان دېموكراتىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت، قوغدايدىغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ

بىرىدىغان بىر قائىدە، نىزام قاتارلىقلارنى تۈزدى. دۆلەتنىڭ قا-نۇنى، ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن قانۇن-قائىدە، نىزام قاتارلىقلار مۇكەممەل بولغان قانۇن سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ياكى باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى رىئايە قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تىنچ-ئىتتىپاقلىق بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلىيالايمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن تىنچ بىر ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شىنجاڭنىڭ قالايمىقان بولۇشىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-تا، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، دىننى قانۇن بويىچە باشقۇ-رۇش، بىر تەرەپتىن، ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قوغدايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىدۇ ياكى چەكلەيدۇ.

### ئۈچىنچى بۆلۈم قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپلى

مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىۋاسىتە تىزگىنلىگەن ۋە تەشكىللىگەن. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىۋاسىتە تىزگىنلىمىگەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بولغاندىمۇ ئەمەلىيەتتە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنىغا ئايلىنىپ قالغان. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مۇھىم

بازىسى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك بولسا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ سە-ياسىي ۋەكىلى. قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىنى تازىلىغىلى، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق خاتىر-جەملىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەن نېمە؟ پاش قىلىنغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت-لەر ئاساسلىقى دىنىي تونغا ئورىلىۋېلىپ، بىر قىسىم ئاممىنىڭ ساددا مىللىي ھېسسىياتى ۋە دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىي-لىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش، «غازات» نى تەرغىب قىلىش، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق - تەرغىپ قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يېت-يىشتۈرۈش، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپقا ئارىلىشىش، پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئەلۋەتتە قەت-ئىي قارشى تۇرۇش ۋە چەكلەش لازىم. بۇ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرمىغاندا، بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلىتىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ؛ گۈللەپ ياشناۋاتقان ھەمدە ئېخمۇ تەرەققىي قىلىپ روناق تاپىدىغان سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ؛ ئارىغا قىل سىغمايدىغان، بىرلىكتە ئىناق ئۆتىۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پارچىلىنىدۇ؛ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈم قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ؛ ئەستە قولغا كەلگەن تىنچ-ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيەتمۇ قولدىن كېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئەھۋاللار ھەق-ىقەتەن يۈز بېرىدىغان بولسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دىنىي تۇقۇنۇش، مىللىي توقۇنۇش، قالايمىقانچىلىق تۈگىمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئېھتىمال ئاساسىي ياشاش مۇھىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ، بۇنداق بولۇشنى ھەر مىللەت خەلقى ئەلۋەتتە كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

بەزىلەر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى بۇر-مىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىقنى ئىپادىلىشى، نورمال ئېتىقادتىن ئېشىپ چۈ-شىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم، مەسىلەن، دىن ئۈچۈن

زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ، دىن ئۈچۈن قان ئاققۇزۇش ، دىن ئۈچۈن ياتلارنى يوقىتىش قاتارلىقلار بولمىسا ھەقىقىي مۆرىت ھېسابلانمايدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئىسلام دىنىدىكى ئاز ساندىكى دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ ئەسەبىي ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - تەرتىپلىرىنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت . دىنىي ئېتىقادنى ئەسەبىيلەشتۈرۈش ، دىنىي ھەرىكەتلەرنى سىياسىيلاشتۇرۇش خاھىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ھەر قايسى قانۇن - تۈزۈملىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپ بولۇپ ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتى بىلەن سىغىشالمايدۇ . دىنىي ئەسەبىيلىك ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، ئاممىنىڭ ھايات ، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ . دۆلەت بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىشى ، كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم .

« غازات » دېگەن بۇ سۆزنى قەدىمكى دىنلار تارىخىدا ئىشلەتكەن . مەسىلەن ، ھىندىستان تارىخىدىكى ئاشۇكا « غازات » نى بايراق قىلىپ بۇددا دىنىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتكەنىدى ؛ مىلادى 8 ~ 7 ئەسىرلەردە ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلىپىلىرىمۇ « غازات » ئارقىلىق چاقىرىق قىلىپ ، دىنىنى قوراللىق تارقىتىپ ، ھەممە تەرەپتە ئەسكەر ئىشلەتكەنىدى ؛ 11 - ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپالىقلار كۆپ قېتىم « ئەھلى سەلىپ » تەشكىللەپ ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارغا يۈرۈش قىلىشتىكى شەكلىمۇ دىنىي خاراكتېردىكى « غازات » ئىدى . مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى قەشقەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خوتەن بۇددا دىنى خانلىقىنى ھەربىي ئىستىلا قىلىشىمۇ « غازات » دەپ ئاتالغان . يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەردىن قارىغاندا « غازات » — قورال كۈچى بىلەن دىن تارقىتىشتىن ئىبارەت . قورال كۈچى ئارقىلىق دىن تارقىتىش مۇقەررەركى ، قان بىلەن ئوتتا تاۋلاش بولۇپ ، جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان ئاقىۋىتى مۇقەررەر ھالدا بۇزغۇنچىلىق ، چېكىنىش بولىدۇ . ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە چوڭ قەدەملەر بىلەن يۈرۈش

قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بەزىلەرنىڭ يەنىلا «غازات» نى تەرغىب قىلىشى، يەنىلا-دىنىي ئەسەبىيلىك ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش قىزغىنلىقىنى باسماقچى بولۇشى تارىخنىڭ چاقىنى توسماقچى بولغانلىق بولۇپ، بۇنىڭغا سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم يول قويمايدۇ، چوقۇم تارىخ تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ.

بىرىنچى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسۇش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ (نۇقتا) لەرنى، چامباشچىلىق ئۆگىتىدىغان، مەشق قىلدۇرىدىغان سورۇنلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تەربىيە بېرىشمۇ ئۆزگەرمىگەن بېۋاستە ئالاقىدار كىشىلەرنى قانۇن بويىچە جازالاش لازىم. يەر ئاستى «تالىپ» لارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن، ئەسلىدە شەخسىيلەر ئاچقان دىنىي مەكتەپ، نۇقتىلاردا دىن ئوقۇغان خادىملارنى بىرمۇ بىر تىزىملاپ، تەكشۈرۈش، قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەتتىكى خادىملارغا ئاساسلىقى تەنقىد ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قانۇن بويىچە جازالاش لازىم.

دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ۋە باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ياكى باشقا جايلاردا «غازات» تارىخىنى تەشۋىق قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش، ئاخۇنلارنى ئۆزى تەيىنلەش، دېگەن بويىچە قىلىشقا مەجبۇر قىلىش، مەجبۇرىي دىنىي باج يىغىش قاتارلىق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. دىنىي زاتلارنىڭ رايون ئاتلاپ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك.

دىنىي پائالىيەتلەر مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ ھەمدە نىكاھ،

پىلانلىق تۇغۇت، مىراسلارنى تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، قاتناش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەدبىر قوللىنىپ بىدئەت تەشكىلاتلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي تەكشۈرۈپ چەكلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، باشلامچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەربىيىلەپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەر قانداق شەكىلدىكى دىنىي تەشۋىقات بويۇملىرىنى بېسىشى، نەشر قىلىشى، سېتىشىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، چەت ئەللەردىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. سىرتتىن ئەۋەتىلگەن ياكى ئېلىپ كېلىنگەن دىنىي تەشۋىقات بويۇملىرىنى تاموژنا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قاتتىق تەكشۈرۈشى، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» نى بازارغا سالىدىغان ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ھەمدە پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان دىنىي تەشۋىقات بويۇملىرىنى بىردەك مۇسادىرە قىلىشى، ئەكسىيەتچىل مەزمۇنغا ئىگە دىنىي تەشۋىقات بويۇملىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى توسىشى لازىم.

شەخسلەرنىڭ ئۆزى ئالاقىلىشىپ چەت ئەللەرگە چىقىپ دىن ئۆگىنىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودىكى ئورگانلىرىنىڭ ياكى چەت ئەللەردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ چەت ئەلدە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق لازىم. چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئېلىپ بارغان دىنىي پائالىيەتلىرىگە قارىتا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەللەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن باشقۇرۇشنى قاتتىق كۈچەيتىش لازىم. چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە

پائالىيەت نۇقتىلىرىنى قوزغىشنى مەقسەت قىلغان دىنىي پارلاۋانلىق مۇئەسسەسەلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە سىياسىي شەرت قوشۇمچە قىلىنغان پۇل ۋە نەرسە ئىئانە قىلىشنى قەتئىي چەكلەش لازىم. چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى رەت قىلىش لازىم.

# ئونىنچى باب

## ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشنى تۇرغۇزۇش

### بىرىنچى بۆلۈم ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىداچىڭ تۇرۇشى لازىم

دۆلەت سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي تەشكىلات ۋە ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. دۆلەت مەسىلىسى ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇش ۋە سىياسىي كۈرەشتىكى تۈپ مەسىلە. ماركسىزم ئەزەلدىنلا دۆلەت مەسىلىسىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ ئۇنى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئورۇنداشتىكى مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپ كەلدى. توغرا بولغان ماركسىزملىق دۆلەت قارىشنى تۇرغۇزۇش بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى توغرا تونۇشىمىزغا قارىتا مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. دۆلەت ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بىر خىل تارىخىي ھادىسە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. تارىخىي ماتېرىيالىزم دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق، سىنىپىي كۈرەش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان سىنىپلارغا بۆلۈنگەن ئەھۋالدا سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ قورالى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، كەلگۈسىدە سىنىپلارنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۆزگىرىشى جەمئىيەت

فۇنكسىيىسىنىڭ بۆلۈنۈشى بىلەنمۇ زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ دەپ ھې-
سابلايدۇ.
ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، سىنىپىي قارىمۇ
قارشىلىق ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ،
ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى قانداشلىق ئالاقىسى ۋە ئەنئەنىۋى
ئۆرپ - ئادەتلەر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى، جەمئىيەت تەرتىپىنى
ساقلاشقا ئامالسىز قالدى.
جەمئىيەت بىر - بىرىگە دۈشمەن سىنىپلارغا بۆلۈنۈش بىلەن
ئەسلىدىكى ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت ئىچىگە
چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇق، قەبىلە ئورگانلىرى رولىنى يوقىتىپ قويدى.
ئاھالىنىڭ ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلغان قۇلدارلار سىنىپى ئاھالىنىڭ كۆپ
قىسمىنى تەشكىل قىلغان قۇللارنى قۇل قىلىپ، ئۆزى ۋە جەمئىيەتنىڭ
كۈرەش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ كەتمەسلىكىنى ساقلاپ قېلىش،
قۇللارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن زورلۇق كۈچ
ياردىمىگە تايىنىپ مەجبۇرىي ھالدا ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشكە توغرا
كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت مەيدانغا كەلدى. خۇددى لېنىن
ئېيتقاندەك: «سىنىپىي زىددىيەتلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇرەسسە قىلىپ
بولمايدىغان يەرگە، ۋاقىتقا ۋە دەرىجىگە يەتكەندە دۆلەت پەيدا بولىدۇ.»
2. دۆلەتنىڭ ماھىيەتتە روشەن سىنىپىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بو-
لىدۇ، ئۇ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق ۋە ئېزىشنىڭ قورالى، بىر سىنىپنىڭ
باشقا بىر سىنىپنى باستۇرۇشتىكى زورلۇق كۈچ ئورگىنى.
دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى جەريانىدىن بۇنى ئاسان كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا رولىدىنمۇ بۇ
ماھىيەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قارىماققا، دۆلەت پۈتكۈل جەمئىيەتكە
ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، دۆلەت
ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى سىنىپلارغا بىردەك مۇئامىلە قىلىدىغان
ئورگان ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپلارغا خىزمەت قىلىدىغان، ھۆ-
كۈمران سىنىپلارنىڭ جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا كاپالەتلىك

قىلىدىغان ماشىنا. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە قاتارلىق زورلۇق كۈچ ئورگانلىرىنى تۇرغۇزۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ، سىنىپىي كۆرەشنى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە چەكلەپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدۇ. كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، دۆلەت مەسىلىسى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇڭا بىز ماركسىزمنىڭ دۆلەتنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى بازارغا سالغان دۆلەت ھەر قايسى سىنىپلار مەنپەئىتىنىڭ «تەڭشىگۈچىسى»، ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتىنىڭ «قوغدىغۇچىسى»، «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىقنىڭ نامايەندىسى» قاتارلىق بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنى پەدەزلەيدىغان سەپسەتىلەرنى پاش قىلىشىمىز لازىم.

3. دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىسى ئادەتتە ئىچكى فۇنكسىيە ۋە تاشقى فۇنكسىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىسى ئىچكى جەھەتتە ئاساسلىقى: سىياسىي فۇنكسىيىسى، يەنى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى، يەنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى، تەشكىللەپ، تەڭشەپ، ئارىلىشىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى، ئىقتىسادىي بازىسىنى قوغداش ھەمدە بەزى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي پرىنسىپلار بويىچە ۋاستىلىق ھالدا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش؛ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى، يەنى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداپ، سىنىپىي كۆرەشنى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە چەكلەپ، جەمئىيەتنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا يەنە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزلۈكسىز

تەگشەپ، ھۆكۈمرانلىقنى بىرلىكتە قوغداش، جەمئىيەتنى ماسلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ئامموۋى ئىشلارنى باشقۇرۇش.

سىرتقى جەھەتتە، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى دۆلەت مۇداپىئەسىنى تەشكىللەپ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزى، ئاغدۇرمىچىلىقى، سىڭىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەگشەپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ توپ مەنپەئىتىنى قوغداش. دۆلەتنىڭ تاشقى فۇنكسىيىسى ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچكى فۇنكسىيىسىنىڭ داۋامى، ئۇ ئىچكى فۇنكسىيىنى ئاساس قىلىدۇ.

4. ئوخشىمىغان سىنىپلار ئوخشىمىغان تىپتىكى دۆلەتلەرنى قۇرغان بولۇپ، دۆلەت تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا يوقىلىدۇ.

ماركسىزم دۆلەتنى ئىلمىي ئاساستا تۈرلەرگە ئايرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن، دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم، ئۇنىڭدىن قالسا دۆلەتنى باشقۇرۇش شەكلىنى، يەنى دۆلەت تۈزۈمى بىلەن ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. دۆلەت تۈزۈمى، يەنى دۆلەتنىڭ توپ تۈزۈمى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنى، كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ، كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھاكىمىيەت تۈزۈمى ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى مەسىلىسىنى، مۇئەييەن سىنىپنىڭ قانداق شەكىل قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانلار تارىخىدا، قۇللۇق تۈزۈم ھاكىمىيىتى، فېئودال پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتى ۋە پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت تۆت خىل ئوخشىمىغان دۆلەت تۈزۈمى بولغان. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت بىر خىل يېڭى تىپتىكى دۆلەت بولۇپ، ئۇ كونا دۆلەتلەردىن توپ خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ: ئالدى بىلەن، دۆلەت تارىختا تۇنجى قېتىم ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە ئايلاندى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ قار-

شىلىقىنى باستۇرۇپ، سىرتىنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتۈن جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ئۆزگەرتىپ، سىنىپلارنى يوقىتىپ، دۆلەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتتىن سىنىپسىز جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇ پرولېتارىيات دۆلىتىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر خىل دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

دۆلەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە. سىنىپلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، دۆلەت سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن يوقىلىدۇ. دۆلەت جەمئىيەتتىن مەيدانغا كېلىدىغان، ئەمما يەنە جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ھەمدە جەمئىيەتتىن ئايرىلغان بىر خىل كۈچ. دۆلەت دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. تارىختىكى بارلىق ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەت مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېسابلاپ، پۈتۈن خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئەمما ماھىيەتتىن قارىغاندا، تارىختىكى دۆلەتلەر ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قورالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا بۇ دۆلەتلەر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. دۆلەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەھۋال ئىنتايىن ئۆتكۈر ئەھۋالغا يەتكەندە ئۆزىنىڭ ئەكسىگە ماڭىدۇ دۆلەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئايرىلىشتىن قايتىدىن بىرلىككە كېلىشكە يۈزلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەل مۇشۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، خەلق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قايتۇرۇۋېلىپ دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. دۆلەت ھەقىقىي تۈردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغان ۋاقىتتا، دۆلەت بىلەن جەمئىيەت بىرلىككە كېلىپ دۆلەت يوقىلىدۇ. بۇ «جەمئىيەت دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن قايتۇرۇۋالىدىغان» ئۇزاق بىر جەريان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىنىڭ ئاساسىي

ئىدىيىسىنى ئىگىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جەر-يانىنى توغرا تونۇشىمىز لازىم.

بۈگۈنكى جۇڭگو تارىختىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ نەتىجىسى. «جۇڭگو» دېگەن بۇ سۆز ناھايىتى بالدۇرلا بار ئىدى. ئۈز-لۈكسىز تۈردە تارىخ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ مەنىسىمۇ ئوخشاش بولماي كەلگەن. ئالدىنقى چىن سۇلالىسى مەزگىلىدە، جۇڭگو مەنىسى ئاساسلىق مەن (قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ نامى)، يى (قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىدە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ نامى)، رۇڭ (قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان بىر مىللەتنىڭ نامى)، دى (قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ نامى) لارغا قارىتا ئېيتىلغان تەرەپنى، يەنى ئوتتۇرا جايلارنى كۆرسىتەتتى. يېقىنلىق ۋە ئە-مىنىيە دەۋرلىرىدە خۇاشيا (جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئاتىلىشى) دىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ ھەم جۇغراپ-يىلىك ئۇقۇم، ھەم مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئىدى. خۇاشيا مىللىتى بىلەن مەن، يى، رۇڭ، دىلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۇلار بۇ ناملارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن. خۇاشيادا «جۇڭگونىڭ قائىدە-يوسۇنى» نى يولغا قويمىغانلار يى، دى، دەپ ئاتالغان، يى، دى لار ئىچىدە «جۇڭگونىڭ قائىدە-يوسۇنى» نى يولغا قويغانلار جۇڭگولۇق دەپ قارالغان، ئۇلارنىڭ چەك-چېگرىسى ئانچە ئېنىق بول-مىغان. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە بىرلىككە كەلگەن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن كۆپ مىللەتلىك فېئوداللىق دۆلەت شەكىللەنگەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەرەققىي قىلىپ بىرلىككە كەلگەن قەدىمكى جۇڭگو رەسمىي بەرپا بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئىچكى جايلارنى ئاساسلىق غول، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى جۇڭگونىڭ چېگرا رايونى قىلغان جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئۇقۇم ئىزچىل تۈردە چىڭ سۇلالىسىغىچە داۋاملاشتى. چىن سۇلا-لىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە

نۇرغۇنلىغان سۇلالىلەر ئۆتتى، گەرچە بۆلۈنۈش بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى بىرلىك ئىگىللىدى. بۇ سۇلالىلارنى مەيلى قايسى مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلىرى قۇرغان بولمىسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنى «ئەنئەنىۋى» جۇڭگو دەپ ھېسابلاپ كەلگەن. مەلۇم بىر ئاز سانلىق مىللەت بىر رايوندا قۇرغان ھاكىمىيەتمۇ ئۆزىنى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلىغان.

چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە، جۇڭگو ئۆزىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇستەھكەملىنىش جەريانىنى تاماملىدى. چىڭ سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىن، خەن، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى جۇڭگو چېگرىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى مەركەزنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشى ئاستىغا قويۇپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان مۇكەممەل يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈمنى شەكىللەندۈردى، بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چېگرا رايونلار بىر گەۋدە دەپ ھېسابلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى كىشلەر تەرىپىدىن ئاڭلىق تونۇلغان ھەمدە قېلىپلاشتۇرۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربتىكى مۇستەملىكىچىلەر ياكى دىن تارقاتقۇچىلار شەرققە كەلگەندىمۇ جۇڭگونى «جۇڭگو» ياكى «جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتاشقانىدى؛ چىڭ سۇلالىسى يەنە چەت ئەللەر بىلەن چېگرا شەرتنامىسىنى ئىمزالىغاندا جۇڭگو خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە باشتىن - ئاخىر خەلقئارا قانۇن سۇبيېكتى، تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ كەلگەنىدى. بۇ 1840 - يىلى غەرب مۇستەملىكىچىلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ زېمىنى، ئىگىلىك ھوقۇقى پۈتۈن بولغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك فېئوداللىق دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جۇڭگودا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشقان. جۇڭگونىڭ شۇنچىۋالا كەڭ زېمىنىنى جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىرلىكتە ئاچقان. جور-جېن، دۇڭخۇ، كىدان، چياڭ، ھون، جورجان، سىيانپېي، تۈرك، ئۇيغۇر، مياۋ، مەن، يى، ياۋ، تۇبۇت قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى، يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، زاڭزۇ، يىزۇ، بەيزۇ قاتارلىق 50 نەچچە مىللەت خەنزۇلار ۋە ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى ئاچتى ھەمدە ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا كۆچۈشۈپ، ئارىلىشىپ ئۇلتۇراقلىشىپ ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇردى، قوردى.

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇ-يان، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا غالجىرلارچە تاجاۋۇز قىلىپ، جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى. ئۇلار جۇڭگوغا كۆپ قېتىملاپ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسا-دىي جان تومۇرىنى تىزگىنلىۋالدى، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىنى زەھەرلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىمۇ تاجاۋۇز قىلىش، پارچىلاپ ئۆزگەرتىشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرمىدى، ھەتتا نوپۇسى بىر قە-دەر ئاز بولغان خېجى، ئوروچېن، ئېۋېنكى قاتارلىق بەزى مىللەتلەرگە ئايرىۋېتىش، قورشاپ چەكلەش، قىرغىنچىلىق قىلىش سىياسىتىنى قوللى-نىپ ئۇلارنى يوقىتىۋەتمەكچى بولدى. شۇڭا، جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقى غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىش، قول قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مىسلىسىز ئۇرغۇپ، تاجاۋۇزچىلىق ئالدىدا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى

مىسلىسىز جاپالىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماركسىزمنى جۇڭگولاش-تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ، ئازادلىقنىڭ يولىنى تېپىپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندى. 28 يىللىق جاپالىق كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىكتە قۇردى.

شۇڭا، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى توغرا تونۇشىمىز لازىم. گەرچە تارىختىكى ھەر قايسى سۇلالىلەرنى ئېكسپىلاتاتور سىنىپلا قۇرغان بولۇپ، ئۇلار ھەر قايسى مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھاكىمىيەتلەر بولسىمۇ، ئەمما، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن تارىخى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقانلىقىنىڭ، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا بىرلىشىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، ئۇنىڭ ئىچكى لوگىكىلىق تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ۋەتىنىمىز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ جەريانىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، كۆرەشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز، ئەمما شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇمۇ قەدىمكى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەت، كۆرەش، ھەتتا ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە بولۇشتەك ماكرولۇق تۈزۈلۈشى ئىچىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، ئۇنى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى مىللىي پەرق، مىللىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەرنى ھەرگىزمۇ يېقىنقى زامان خەلقئارا قانۇنىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بويىچە تونۇشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بويسۇندۇرۇش، تالان-تاراج قى-

لىش ھەرگىزمۇ مېھرى ـ شەپقەتلىك ئىش ئەمەس ، مىللىي زۇلۇم بىلەن مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ، ھەققانىيەت بىلەن ھەققانىيەتسىزلىك-نىڭ خاراكتېرىنى ، چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشىمىز لازىم . مەيلى قايسى مىللەتنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى ، قىرغىنچىلىق قىلىشى بولسۇن ئۇنى پاش قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، ئۇنىڭ چەكلىمىلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش لازىم ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە بۇ تارىخىي ۋەقە ، جەريانلارنى ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەپ ، ئومۇمەن ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ بىرلىكى ، تەرەققىياتىغا ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ، تەرەققىياتىغا قارىتا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەنلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم .

دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق مەسى-لىسى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىنى قوغداش مەسىلىسى . يېقىنقى زاماندىن بۇيان ، جاھانگىرلار جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ھامان خەنزۇلار بىلەن جۇڭگونى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخىنى قارشىلاش-تۇرۇپ كەلدى ؛ ھامان « مانجۇرىيە ـ موڭغۇلىيە غەيرىي جۇڭگو نەزەرىيىسى » ، سەددىچىن « مەڭگۈلۈك چېگرا » قاتارلىق خىلمۇ خىل سەپسەتىلەرنى ، قانداقتۇر « جەنۇبىي مانجۇرىيە » ، « شىمالىي مانجۇرىيە » ، « شەرقىي تۈركىستان » ، « تاشقى شىزاڭ » قاتارلىق جۇغراپىيىلىك ئۇقۇملارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى ، جۇڭگونى پارچىلىشىغا خىزمەت قىلدۇردى . شۇڭا ، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى ، « جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مىل-لىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئەزەلدىن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىق كۈچلىرى قوزغىغان ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىن چەت ئەل تاجاۋۇز-چىلىق كۈچلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا زېمىنىنى بۆلۈۋېلىشتىكى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىدىغان كۈچ » . بۈگۈنكى كۈندە ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىنى تېخىمۇ تۇرغۇزۇپ ، جۇڭگونىڭ ئەزەلدىنلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات

جەريانىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك تاۋلىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ ۋە ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى توغرا تونۇشىمىز لازىم. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىر ئائىلە بولۇپ تۇرۇشىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ۋاستىلەر ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىرلىكى، ھەر قايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت باغلىنىشى. يېقىنقى زاماندىن بۇيان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشلەر جەريانىدا ئورناتقان ھوزۇر - ھالاۋەتتىمۇ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇشتەك مۇناسىۋىتى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە تېخىمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلىپ، بۇ خىل بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تەرەققىيات تەلپىنى گەۋدىلەندۈردى. مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى بولۇپ، بۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى كەڭ دېموكراتىك ھوقۇقتىن، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن بەھرىمەن قىلدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزدى. خەلق دېموكراتىيىسى شارائىتىدا، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئورۇندىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ دائىرىسى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭىيىپ، كەڭ ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلارنى ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسى ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى، خەلقنىڭ دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولدى. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھەمدە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى سىياسىي كېڭەش تۈزۈمى

يولغا قويۇلغان تۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى. بۇ خەلقنى دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندۇ- رۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. شۇڭا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ بىردەك مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشىنىڭ ۋەكىلى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتىدىن ۋە قىسمەن مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتى ۋە قىسمەن مەنپەئىتى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىگە، ئومۇمىي مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشى لازىم. ئايرىم مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاتا ۋە زىيانلىق. بىز خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش بايرىقىنى، قانۇنىمىزنىڭ ئابرويىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز لازىم. گەرچە نۆۋەتتە، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل- لەر، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، بېقىنىشچانلىق كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۇنيا خاراكتېرلىك ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تەرەققىي قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلا- ماسلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، نامراتلىق پەرقىنىڭ روشەن بولۇش شارائىتىنى، ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشىمىغان ھەتتا ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى بولغان مەنپەئەت شارائىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. شۇڭا، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، مۇستەقىللىقى ۋە ئابرويىنى قوغداش يەنىلا ئەڭ مۇھىم، يەنىلا ئاساس. بىز ماۋ زېدۇڭنىڭ «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشى- مىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» ئىكەنلىكى

توغرىسىدىكى بۇ تەلىمنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىر-لىكى ۋە تەرەققىياتىنى قوغدىشىمىز لازىم.

## ئىككىنچى بۆلۈم ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم

مىللەت مۇرەككەپ بىر ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسە، كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت شەكلى، مىللىي مەسىلە جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن جەريانىدا زور تەسىرگە ئىگە. شۇڭا ماركسىزمنىڭ كلاسسىكلىرى ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە ھادىسىلىرىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىپ، مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى شەكىللەندۈردى.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنى بىلىشتىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شۇنداقلا مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پروگرامما ۋە سىياسەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي پروگرامما، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى تۈزۈشىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ «ھەر قانداق تارىخىي ھادىسىگە ئوخشاشلا ئۆزگىرىش قانۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى، ئۆزىنىڭ باشلىنىشى، ئاخىرلىشىشى بولىدۇ.» مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ،

ئۇنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەرگىزمۇ «مۇستەقىل ئۆزىدىكى، ئۆزگەرمەيدىغان مەسىلە» ئەمەس. مىللىي زۇلۇمنىڭ مەنبەسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولۇپ، «كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش يوقىتىلغان ھامان، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقىلىدۇ.» مىللەتلەر بارۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپ بولۇپ، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزم روھىدا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىك، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قوللاپ ھەمدە دەۋر شارائىتىغا ئاساسەن ئىككى خىل ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، سوتسىيالىزم ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يولى، «بارلىق مىللەتلەر سوتسىيالىزمغا ماڭىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئەمما بارلىق مىللەتلەرنىڭ مېڭىش ئۇسۇلى پۈتۈنلەي بىردەك بولمايدۇ... ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ. پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، دۆلەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى لازىم، بۇ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە يولغا قويۇشى، بۇ مىللىي زۇلۇمغا، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىشى لازىم. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تارىخىي شارائىتى، پرولېتارىيات ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى توغرا ئىشلىتىش لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى «ھەرگىزمۇ قانداقتۇ مۇتلەق نەرسە ئەمەس»، مىللەتلەرنىڭ ئەركىن ئايرىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى مەسىلىسى بىلەن مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدە ئايرىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇۋاپىق ـ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى مەسىلىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىزمۇ

يول قويۇشقا بولمايدۇ.» مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىدىكى ئومۇمىي پرىنسىپ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىنى قۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» نى تەلەپ قىلىش — مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋە «سوتسىيالىزمنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى».

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ماركسىزمنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇتۇپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە قارىشىنى ئىجادىي ئاساستا قوللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. 1992 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىن بۇنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ: «مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇشۇنداق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدىكى ئەڭ ئاساسىي تەجرىبىمىز شۇكى، پارتىيىمىز ياشتىن - ئاخىر ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆز ئارا ھەمكارلىقى پرىنسىپىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى.» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداقلا بۇ ئاساسىي تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللەت قارىشىدىكى سەككىز تۈپ نۇقتىئىنەزەرنى شەكىللەندۈردى:

بىرىنچى، مىللەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان بولۇپ، مىللىي مەسىلە ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، سوتسىيالىزم باسقۇچى ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان مەزگىل بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئامىللار ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ بارىدۇ، ئەمما مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي پەرق داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي مەسىلە — ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدىلا ئاندىن تەدرىجىي ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىش جەريانىدىلا ئاندىن تەدرىجىي ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەر نوپۇسى ئاز - كۆپ، تارىخى ئۇزۇن - قىسقا، تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقىرى - تۆۋەن، بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان، ھەممىسى بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم.

بەشىنچى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەش ۋە گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

ئالتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشقان چوڭ تۆھپىسى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈم.

يەتتىنچى، ھەم ئەخلاق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان زور ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

سەككىزىنچى، مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلە بەزى جايلاردا ھامان گىرەلىشىپ كېتەلەيدۇ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلغان ۋاقىتتا يەنە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا

ئىز چىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم.

يۇقىرىدىكى سەككىز نۇقتىئىنەزەردە مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى ئىپادىلىنىشى، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى پروگراممىا ۋە سىياسەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەنگەن ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان. نۆۋەتتە، بىز ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا مۇشۇ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەردە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ئومۇملاشتۇرغان بۇ سەككىز نۇقتىلىق مەزمۇننى ئۆگىنىشىمىز، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنى يېڭى خۇلاسىلىگەن، يېڭى راۋاجلاندۇرغان نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆگىنىپ، مىللىي مەسىلە تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلىشىمىز لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مىللەت نەزەرىيىسىگە قارىتا ئېلىپ بارغان بۇ بايانلىرى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشلىرى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ، جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى.

ئالدى بىلەن بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەرنى پەرق ئېتىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشتىن ـ ئاخىر مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىي جەريانى بولىدۇ، مىللەت ھادىسىسىگە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قاراشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، دەپ ھېسابلاپ كەلدى. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئايرىم سۆز ـ ئىبارىلىرى، نۇقتىئىنەزەرلىرىگە دوگمىچىلىق پوزىتسىيىسى قوللانماستىن، ماركسىزملىق مىللەت تەبىرىنى جانلىق قوللىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرگە قارىتا توغرا پەرق ئېتىش ئېلىپ

باردى. «ئىلمىي تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما سىياسىي جەھەتتە قايسى مىللەت، قايسى قەبىلە ياكى ئۇلۇس ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرمەسلىك لازىم» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، 1979 - يىلىغا كەلگەندە جەمئىي 55 ئاز سانلىق مىللەتنى تېپ تىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، تارىختا شەكىللەنگەن مەيدانىغا كېلىش، رايونلارغا جايلىشىش، تىل - يېزىق، مىللىي ئالاھىدىلىك قاتارلىق تەرەپلەردە بەزى روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان مۇقىم كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسىنى مىللەت دەپ پەرقلەندۈردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۈپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەر نوپۇسى ئاز - كۆپ، ئولتۇراقلاشقان رايونى چوڭ - كىچىك، تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت روھنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسەتلىرىنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار توغرىسىدىكى سىياسەتلەرنى تۈزدى. مەملىكىتىمىزدىكى

ھەر قايسى مىللەتلەر سوتسىيالىزم داغدام يولىغا ماڭدى ، ھەر قايسى
مىللەتلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بولدى ،
ھەر قايسى مىللەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە بارا
ۋەرلىكنى ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇردى .

ئۈچىنچىدىن ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشنى سوتسىيالىستىك مىللىي سىياسەتنىڭ توپ پرىنسىپى قىلدى .
بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىنىڭ
مىللىي پروگراممىسىنىڭ تەرەققىياتى . ھازىرقى باسقۇچتا مەملىكىتىمىز-
دىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىشنى
جىددىي تەلەپ قىلىشىدا بىر قەدەر مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ . پارتىيىمىز
مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ توپ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا
قويدى . بۇ بىزنى « سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش » بويۇنتۇرۇقىدىن
ئازاد قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىنى دەۋر
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلدى . مەسىلەن ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ « مەۋقەنى
مىللىي باراۋەرلىك ئۈستىگە قويۇپ » ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق
مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى ، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مىللىي
سىياسەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان - بولمىغانلىقىغا قارىتا « دىققەت -
ئېتىبارنى ئاشۇ رايونلارنى تەرەققىي تاپقۇزۇشقا قارىتىش » تىن ئىبارەت
ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

تۆتىنچىدىن ، مىللىي مەسىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ
بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزۇن
مۇددەتلىك ، مۇرەككەپلىك ۋە مۇھىملىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلىرىگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى ، ئومۇملۇقتىن قارىغاندا « مىللىي ، دىنىي ئىشلاردا

كىچىك ئىش يوق » ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئۇتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنى باشتىن ــ ئاخىر مىللىي مەسىلىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئىدىيە، ئەمەلىيەت جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك ۋە تەشەببۇسكارلىقنى ساقلاپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئىچىگە قويۇپ تەدرىجىي ھەل قىلىشقا ئىگە قىلدى.

قىسقىسى، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ئومۇملاشتۇرغان سەككىز ئاساسىي ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى مول، چوڭقۇر بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئاساسەن مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، بىز ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئىدىيىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەتلەر قارىشىنى ئومۇملاشتۇرغان بۇ سەككىز ئاساسىي ئۇقتۇرۇشنى بويىچە مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىشىمىز، بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ماركسىزم دوگما ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە خەلقئارادا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىياتى تۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، بەزى يېڭى ئەھۋاللار مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ئومۇملاشتۇرغان سەككىز ئۇقتۇرۇشنى بويىچە مىللىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىشىمىز، مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ھەرىكەت جەھەتتە، ھەقىقىي تۈردە مۇشۇ سەككىز ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، مۇقىملىقنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ھەر مىللەت

كادىرلىرىمىزغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىشىمىز، سەككىز نۇقتىنىئەزەر-نىڭ روھى ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ئومۇملاشتۇرغان سەككىز نۇقتىنىئەزەرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر، كادىرلارغا قارىتا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا قارىتا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بىز بۇ تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مول تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق. بولۇپمۇ، 80 - يىللاردىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر يىلى 5 - ئاينى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئېيى» قىلىپ بېكىتىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇنداقلا يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئالىي مەكتەپلەر ۋە پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرىدە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى دەرسى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى دەرسى تەسىس قىلىندى، «بەشتە ئۆز ئارا»، «تۆتتە ھەممە ئادەم» قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچەملىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مىللەتلەر ئارىسىدا بىر-لەشمە دوستلۇق پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، قاتارلىقلار.

نۆۋەتتە، بىز ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۇزلۇكسىز خۇلاسىلەپ، بۇ تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. «سىڭدۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە مەكتەپ قاتارلىق تەلىم - تەربىيە ئورۇنلىرى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى تۇتۇشى، ئوقۇتقۇچىلارنى، نەزەرىيە قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىشى، تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى، ماتېرىياللارنى قېلىپلاشتۇرۇشى لازىم. ئالىي مەكتەپلەر، پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى دەرسىنى ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا كىرگۈزۈشى لازىم. پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزالىرى، كادىرلار، ياش ئوقۇغۇچىلار قاتارلىق ئوخشىمىغان ئوبيېكتلارغا قارىتا بۇ تەربىيىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا جانلىق قانات يايدۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا بولغان يېڭى نەزەرىيىۋى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، مەملىكىتىمىزدىكى ۋە دۇنيادىكى مىللىي مەسىلىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە قارىتا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى قايىل قىلارلىقى بولغان ھالدا چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىم. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋە مەلۇم دائىرە ئىچىدە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى يەنىلا ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ مەملىكىتىمىزدە ئاساسلىق چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىك ئىدىيىسى، مەملىكىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلغانلىقتىن، مىللىي زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى ئاساسلىقى غەيرىي ئانتوگونىيىلىك زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئادەتتە «يېڭىشكە تېگىشلىك بىر خىل خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت»، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

پرىنسىپى ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم.»

چوڭ مىللەتچىلىك مەملىكىتىمىزدە ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. نۆۋەتتە، نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ، تەرەققىياتى بىر قەدەر ئىلغار بولغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بەزىدە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا چوڭ مىللەتلىك خاھىشمۇ بولىدۇ. چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسى بولغان ئادەم ھامان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە باراۋەرلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخي تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلمايدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراپ، خەنزۇ رايونلاردىكى خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ئاددىيلا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا يېتەرلىك ھۆرمەت قىلمايدۇ، قاتارلىقلار. يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بار كىشىلەر بولسا ھامان مەلۇم بىر خىل تار نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئۆز مىللىتىنىڭ قىسمەن مەنپەئىتىنى ھەددىدىن تاشقىرى تەكىتلەيدۇ، دۆلەتنىڭ ياكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە سەل قارايدۇ؛ خەنزۇ كادىرلارغا، ئامىمغا ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا چەتكە قاقىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا يېقىنلىشىدىغان ئورتاق نەرسىلەرگە قارشى ئالماسلىق پوزىتسىيىسى تۇتىدۇ، قاتارلىقلار. بۇ ئىدىيىۋى خاھىشلار گەرچە ئاز ساندىكى ئايرىم كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئىككى خىل شەكىلدىكى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئورتاق چوڭ نىشاندا چىڭ تۇرۇش لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولىدۇ، ئاندىن ھەر قايسى

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرمۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئىككى خىل شەكىلدىكى مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشنى ئاكتىپ قانات يايدۇرالايدۇ. ئىككى خىل شەكىلدىكى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ھەم چوڭ مىللەتچىلىككە، ھەم يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلىش خەنزۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىدا مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغانلىقى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا تەسىرى چوڭ ئىكەنلىكى، تارىختىكى ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى تېخى ئۈزۈل - كېسىل تازىلىنىپ بولمىغانلىقى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر رايوندا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىۋى خاھىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشى لازىم. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئىدىيىۋى خاھىشقا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بىر رايون، بىر مەزگىلدە قايسى خىل ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ ئاساس ئىكەنلىكىگە قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز، قانداق ئىدىيىۋى خاھىش بولسا شۇنداق ئىدىيىۋى خاھىشقا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرغاندا، ئىككى خىل ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى زىددىيەتنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش، ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىرىگە قارىتا چەت ئەل دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرمىگەن، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانمىغان، قانۇنغا خىلاپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارمىغانلا بولسا ئىنتىپاقلىق - تەنقىد - ئىنتىپاقلىق ئۇسۇلىنى، دېموكراتىك ئۇسۇلىنى ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلىش، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئورۇنلۇق مىللىي ھېسسىيات، تەلەپلەرنى مىللەتچىلىك

دەپ قارىماسلىق، خىزمەتتىكى ئادەتتىكى سەۋەنلىك ياكى خاتالىقلارنى مىللەتچىلىك خاراكتېرىدىكى خاتالىق قىلىۋالماسلىققا دىققەت قىلىش لازىم. دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىدىغان ۋە ئۇنى يېڭەلەيدىغان قىلىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىشىدىنمۇ ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

### ئۈچىنچى بۆلۈم ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم

ماركسىزملىق دىن قارىشى ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئىلمىي دۇنيا قاراشنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئارقىلىق دىننى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ھەمدە تارىختىكى ھەر خىل ئاتېئىزم ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ دىن ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بولغان تونۇش، بىلىش، دىنىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئاساسىي پوزىتسىيە ۋە بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى. ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، دىننىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ماركسىزم: «بارلىق دىن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق ئىنكاستا بۇ ئالەمدىكى كۈچلەر بۇ ئالەمدىن تاشقىرى كۈچ شەكلىنى ئالىدۇ.» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ ئارقىلىق دىندىن ئىبارەت بۇ ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەردىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ئاستىدىكى دىنغا قارىتا، لېنىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى:

« ئىلاھ ئالدى بىلەن ( تارىختا ۋە تۇرمۇشتا ) ئادەمنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغان ھالىتى ، تاشقى تەبىئەت دۇنياسى ۋە سىنىپى زۇلۇمدىن مەيدانغا كەلگەن ئاشۇ ئىدىيىلەرنىڭ قوشۇلمىسى » . بۇ سىنىپى جەمئىيەتتە دىننىڭ سىنىپىلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قاراشنى كۆرسىتىپ بەردى .

ئىككىنچى ، دىننىڭ مەيدانغا كېلىش ، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتى بولىدۇ . ماركسىزم دىن بىر خىل ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن مەيدانغا كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ . دىن قۇللۇق جەمئىيەت ، فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەرنى بېسىپ ئۆتتى ، سوتسىيالىزم مەزگىلىدە ئۇ يەنە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئەمما دىن مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ ، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە بارغاندىن كېيىن ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئۈچ چوڭ پەرقنىڭ يوقىلىشى ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، « كۈندىلىك ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋەتلەر كىشىلەر ئالدىدا ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ۋە ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ، ئەقىلغە مۇۋاپىق مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلەنگەندىلا رېئال دۇنيانىڭ دىنىي ئىنكاسى ئاندىن يوقىلىدۇ » .

ئۈچىنچى ، دىننىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە بىلىش مەنبەسى بار . دىننىڭ مەيدانغا كېلىش ، ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ چوڭقۇر مەنبە ــ ئىجتىمائىي مەنبە ، يەنى رېئال جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش ئىچىدىلا دىننىڭ ئەڭ چوڭقۇر سەۋەبلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ . بىلىش سەۋىيىسى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، كىشىلەر ئىدېيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغان ۋاقىتتا دىنغا تېپىنىپ كېتىشى مۇمكىن . خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك ، ئىدېيالىستىك پەلسەپە ــ ئادەمنىڭ چەكسىز مۇرەككەپ بىلىشىدىكى كىچىككىنە پەرق

ئارقىلىق راھىبلىققا بارىدىغان يول.

تۆتىنچى، ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدا دىنىنىڭ رولى ئاساسلىق ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ دىننى خەلقنىڭ روھىنى زەھەرلەيدىغان قورال قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئېكسپلاتاتور سىنىپلار دىندىن پايدىلىنىپ ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاقلايدۇ؛ دىن خام خىيالنى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، كىشىلەردىن رېئال بەخت يولىدا ئىزدىنىشتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ دىن رېئال جەبرى ـ جاپانىڭ ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان قارشىلىق، ئۇ ئادەمنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى، ئۈمىدنى ئۇ دۇنياغا باغلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم رېئال جەبرى ـ جاپانىڭ ئىپادىسى بار، ھەم رېئال جەبرى ـ جاپاغا بولغان پاسسىپ قارشىلىق بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزم يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا دىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىختا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىدە ئاممىنى قوزغاش ۋە تەشكىللەش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئەمما فېئودالىزم دەۋرىدە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل دىنىنىڭ پاسسىپ تەسىرى.

بەشىنچى، پرولېتارىيات پارتىيىسى دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا پارتىيىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇقتىسى قىلىشى لازىم. بۇ پارتىيىنىڭ ھەم ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى، ھەم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دىننى مەمۇرىي بۇيرۇق ۋاستىسى ئارقىلىق چەكلەشكە قارشى تۇرۇشنى، دىن دۆلەتكە قارىتا ئېيتقاندا شەخسىي ئىش، ئەمما پرولېتارىيات پارتىيىسىگە قارىتا ئېيتقاندا شەخسىي ئىش ئەمەس، دەپ تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ماركسىزلىق دىن قارشى پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى قىبلىنامىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق دىن قارشى ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي

مەسىلىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىپ، دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈردى.

بىرىنچىدىن، دىننىڭ مەيدانغا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە دىن ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دىنىي مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق يوقىتالمايمىز، شۇنداقلا مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق تەرەققىيمۇ قىلدۇرالمايمىز.

ئىككىنچىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى ئاساسىي قانۇن قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئاتېئىزمچىلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولىدۇ، ئىدىيە جەھەتتە ئېتىقاد قىلىشتىكى پەرق ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد قىلىش جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

تۆتىنچىدىن، مەملىكىتىمىزدە دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەت ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت، ئەمما مەلۇم شارائىت ۋە مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ئانتاگونىيىلىك مەسىلىمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بەشىنچىدىن، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش لازىم. دۆلەت دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدىشى، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى چەكلىشى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى لازىم.

ئالتىنچىدىن، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چەت ئەلدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش لازىم.

يەتتىنچىدىن، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار

بىلەن ئېتىپاقلىشىش ۋە تەربىيىلەش، پىلانلىق تۈردە ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

سەككىزىنچىدىن، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش لازىم.

بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ماركسىزملىق دىن تەلىماتىنى توغرا قوللىنىپ مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەجرىبىلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى مەزگىلىدە دىنىي جەھەتتىكى يېڭى ئەھۋاللارنى چىقىش قىلىپ ئىلىپ بېرىلغان نەزەرىيىۋى خۇلاسە، ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ راۋاجى.

بۇ نۇقتىئىنەزەرلەردە سوتسىيالىزم مەزگىلىدە دىننىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، دىننىڭ يوقىلىشى بىر ئۇزاق مۇددەتلىك تەبىئىي تارىخىي جەريان ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. دىن ناھايىتى تېزلا يوقىلىدۇ، مەمۇرىي بۇيرۇق ياكى باشقا مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىقمۇ دىننى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدىغان نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى رېئال ئەمەس، خاتا، زىيانلىق. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئىنتايىن «سول» ئۇسۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى چوڭقۇر تەجرىبە ــ ساۋاق.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى دىنلاردا تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، سىياسىي جەھەتتە دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈم يوقىتىلدى، جاھانگىرلار ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ تىزگىنلىشى، پايدىلىنىشىدىن قۇتۇلۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ۋە «ئۈچ ئۆز» (ئۆزى تارقىتىش، ئۆزى تۇرۇش، ئۆزى ئۆزىنى بېقىش) فاڭجېنى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دىنىي زاتلار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ

تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشاش يولىغا ماڭدى، دىنىي زاتلار ۋە مۇخلىسلارنىڭ ئىدىيىۋى قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزدى. دىنىي ئىلاھىيەت ئىدىيىسى ۋە دىنىي پائالىيەتلەردە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. يەنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى سىنىپىي ئاساسىنى يوقاتتى. دىن ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىغا، پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئەركىن تاللايدىغان خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندى. پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى سەۋەب شۇكى: دىنىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تېخى دىنىنىڭ يوقىلىدىغان مەزگىلى ئەمەس، بۇ مەزگىلدە يەنىلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بولىدۇ؛ دىنىي ئېتىقاد بولىدىكەن، ئۇنى مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق توسىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىدىيىۋى تونۇش دائىرىسىدىكى مەسىلە؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولىدۇ؛ ئېلىمىزدىكى دىنلار كۆپ چاغلاردا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مىللىيلىق، مۇرەككەپلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىنىڭ خەلقئارالىقى قوشۇلۇپ، بۇ بىزنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىننى پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشى قىلىشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقىملىقى، ئۇزلۇكسىزلىكىنى ساقلاپ، « سول » ياكى ئوڭ خاھىشلاردىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. پارتىيىمىز مۇشۇ

ئەھۋاللارغا ئاساسەن دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا، مۇۋاپىق خىزمەتلەر ئارقىلىق كەڭ دىنىي مۇخلىسلارنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بولغان تۈپ مەنپەئەت بىردەكلىكى ئاساسىدا تۆتنى قوغدايدىغان، يەنى قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغدايدىغان، خەلق مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان قىلىش، دىنىي ساھەدىكىلەرنى دىندىكى بەزى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىكى بەزى پاسسىپ ئامىللارنى چەكلەشكە يېتەكلەش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشتىن - ئاخىر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشى ھەمدە دىنىي سىياسەتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشى — دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ سىياسىي ئاساسى — دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشى، سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دىنىي تۈزۈم ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش.

رېئال تۇرمۇشتا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، قىلدۇرۇش، دىنىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىش جەھەتلەردە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى دوستلۇق ئالاقىسىنى قوغداش، دۇنيا

تىنچلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن رولنى جارى قىلدۇردى، دىنىي ساھەدىكى بەزى ئىدىيە، ئەخلاقلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى، مەزمۇنى ۋە ماكانى كوممۇنىستىك ئىدىيۋى پرىنسىپلار بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىك پرىنسىپى ئاستىدا كونكرېت ھەرىكەت جەھەتتە سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئومومىي ئەخلاق بىلەن يەنە ئۇيغۇنلىشالايدۇ. بۇلار دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىش تەرىپىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەمما، دىندا سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشمايدىغان تەرەپلەرمۇ مەۋجۇت. ئالدى بىلەن، دۇنيا قاراش جەھەتتە، دىنىي خۇداگويلۇق يەنىلا ماركسىزم بىلەن قارىمۇ قارشى، ئۇ يەنىلا بىر خىل ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش. ئۇنىڭدىن قالسا، دىندىكى بەزى ئەنئەنىۋى ئىدىيە، پائالىيەت ۋە تۈزۈملەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈمىدسىزلىنىپ دۇنيادىن تېپىشنى تەشۋىق قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقنى ھەق ـ ناھەقنىڭ ئۆلچىمى قىلىش، ھەتتا مەمۇرىيەت، مائارىپ ۋە نىكاھقا ئارىلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، قاتارلىقلار. ئۈچىنچى، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر، مەملىكەت ئىچىدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار دىندىن پايدىلىنىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، ۋەقە پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇشتەك رەزىل مەقسىدىگە يېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دىنىي مەسىلىدە كۆپ چاغلاردا ئىككى خىل ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى زىددىيەت گىرەلىشىپ كېتىدۇ.

شۇڭا، ماركسىزملىق دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق دىن قارىشىغا قارىتا يېڭى نەزەرىيۋى ئومۇملاشتۇرۇشنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى دىننى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا تونۇپ، دىنىي مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، دىننى سوتسىيالىزم بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىشىمىز

لازىم.

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم. بۇ دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. مەيلى ماركسىزملىق دىن قارىشى نۇقتىسىدىن قارىمايلى، ياكى دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىمىزدىن قارىمايلى، ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدۇ. قاچان ئىقتىساد راۋاجلانسا، جەمئىيەت مۇقىم بولسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈنۈملۈك بولسا دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە تېخىمۇ ئاسان ئۇيغۇنلىشىدۇ.

ئىككىنچى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم: دۆلەت دىنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا قارىتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە نورمال ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلىشى ۋە قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بىلەن چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا زەربە بېرىشى لازىم.

ئۈچىنچى، بىرلىكسەپ، دىنىي تارماقلارنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق، ئىتتىپاقلىق ـ تەنقىد ـ ئىتتىپاقلىق فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن مۇمكىنقەدەر كەڭ ئىتتىپاقلىشىش، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىدىيىۋى جەھەتتە پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، بىرلىكتە زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشنى ۋە ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىپ

ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىدىغان تەرەپلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇنلاشمايدىغان تەرەپلىرىنى يېڭىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم:

ھەر مىللەت كومپارتىيە ئەزالىرىمىز پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى ئالدى بىلەن ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمچىلار ۋە ئۇزۇل - كېسىل ئاتېئىزمچىلاردىن بولۇشى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە ئېتىقاد قىلىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى لازىم. بۇ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنىڭ تەلىپى. دىنىي ئاڭغا ئىگە بولغان بەزى كومپارتىيە ئەزالىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، ئۇلارنى دىنىي ئاڭنىڭ تەسىرىدىن ئاڭلىق قۇتۇلدۇرۇش لازىم؛ دىنىي ئېتىقادى چىڭ بولۇپ، تەربىيە ئارقىلىقمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى پارتىيىدىن چېكىنىشكە نەسىھەت قىلىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، دىندىن كەلگەن، ھازىر ئۆزگىرىپ مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىلەرنى دىنىي پائالىيەت دەپ قارىماسلىق، پارتىيە ئەزالىرىمىزنى ئاممىدىن ئايرىپ قويماسلىق لازىم. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرىغا ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشتا. بۇ بىر كومپارتىيە ئەزاسىغا قارىتا ئېيتقاندا بىر ئۆمۈر ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش، سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى. ھەر مىللەت كومپارتىيە ئەزالىرى باشتىن - ئاخىر بىردەك كوممۇنىستىك ئېتىقادنى كۈچەيتىدىغان، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا، دىنىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلالايمىز، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىيەلەيمىز.

# ئاخىرقى سۆز

پارتىيىنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ۋە پارتىيىمىز ئۈستىگە ئالغان زور تارىخىي ۋەزىپىنى چوڭقۇر تونۇش ئاساسىدا، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» نى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى قىلدى. 1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي ـ شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر رايون، شۇنداقلا يەنە كۆپ دىنىي ئېتىقادلىق رايون. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش زور ئىش بولۇپ، ۋەزىپە مۇشەققەتلىك. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، مۇقىم، ئەمما كۆپلىگەن مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. گەۋدىلىك مەسىلىلەر شۇكى: خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا قوللىماقتا؛ چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى يىغىلىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلەشتۈرمەكتە؛ شىنجاڭدىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر غالجىرلاشماقتا، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ۋەقە تۇغدۇرۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا

ھۇجۇم قىلىش، پارتلىتىش، تېررورلۇق قىلىش قاتارلىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يۈز بېرىۋاتىدۇ، بەزىلىرى يوشۇرۇن ھالەتتىن يېرىم ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى، ھەتتا ئاشكارا ھالدا ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ. شۇڭا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىدىيىسىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

• ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1995 ـ يىل 14 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىللىق شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر فوند ياردەم تۈرى بولغان «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق» نى ئۈستىگە ئالدى. تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خې فۇلىن، ئەزالىرى ياڭ فارىن، جى داچۈن، ئاۋۇت توختى، يى يۈيچاڭ، ليۇ يەنچۈن، ليۇ جياجىن، جاڭ خۇيخۇا، لى كەي، شۇدىشىڭلار ئىدى. 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تەتقىقات گۇرۇپپىسى تېما تاللاشنى دەلىللەش يىغىنى ئېچىپ، كىتابنى يېزىش تېزىسىنى ۋە تەتقىقاتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى بەلگىلىدى. 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تەتقىقاتنىڭ تەخمىنەن 150 مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئورىگىنالى تاماملاندى. يولداش خې فۇلىن ئورىگىناللارنى بىر تۇتاش كۆرۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇپ، بىر قىسىم مەخسۇس تېمىلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى، كىرىش سۆز ۋە «دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم» دېگەن 9 ـ بابقا بىر قەدەر چوڭراق تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە تولۇقلىدى، قايتىلانغان مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىدى ھەمدە يېزىق جەھەتتە پىششىقلاپ ئىشلەش ئېلىپ باردى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئورىگىنال بېكىتىلدى، 4 ـ ئايدا

باھالاشتىن ئۆتتى.

«ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق» تەخمىنەن 140 مىڭ خەتلىك بولۇپ، كىرىش سۆز ۋە ئون بابتىن تەشكىل تاپقان. تەتقىقات تېمىسىدا «مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ» دېگەن نەزەرىيىسى تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق، كونكرېت مىساللار ئېلىنىپ «شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن بۇ تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى شەرھلەندى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 40 يىلدىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق «شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ»، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇزاق خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى»، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقنى ئېچىش ھەر مىللەت خەلقىغە بەخت يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ» دېگەن بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى شەرھلەندى؛ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق «ھەر مىللەت خەلقى باراۋەر بولغان دۆلەتنىڭ خوجايىنى»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ». «ئاچقۇچ ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشى تۇرغۇزۇش» ئىدىيىسى شەرھلەندى. شۇ ئارقىلىق تارىخ بىلەن رېئاللىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوخشاش خىلدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ يېڭى قاراشلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىق ئىدىيىسىنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇپ،

شىنجاڭنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى
نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىشىنى سىياسىي كاپالەت رولى بىلەن تەمىنلەش. (2) ئاز ساندىكى
مىللىي بۆلگۈنچىلەر بازارغا سالغان سەپسەتىلەر ۋە ئاما ئارىسىدىكى مۇ-
جەمەل تونۇشلارغا قارىتا ئىجابىي تەشۋىقات ۋە يېتەكلەش ئېلىپ
بېرىلدى. مەسىلەن، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش
ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈندۇر»، «پىلانلىق تۇغۇت
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك»،
«دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم» قاتارلىق
مەخسۇس تېمىلار ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، ھەر مىللەت
كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى سىياسىي جەھەتتە ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئاي-
رىپ، مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، مىللەت
قارىشى ۋە دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا ئىگە قىلدى. (3) يېڭى
نۇقتىئىنەزەرلەر بار. مەسىلەن، «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش
قاتتىق سىياسىي كۈرەش ۋە سىنىپىي كۈرەش»، «مىللىي بۆلگۈنچىلىك-
نىڭ جان يېرى شىنجاڭنى 〈مۇستەقىل〉 قىلىشنى پىلانلاپ
〈شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى〉 قۇرۇش قەستىدە بولۇش
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇزاق
خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى»، «جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ ئېڭىنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئې-
ڭىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» قاتارلىقلار.

تەتقىقات تېمىسىنىڭ قىسمەن نەتىجىلىرى باسقۇچلۇق ئۈنۈمنى
جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىش-
تى. ئالايلۇق، «مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ھەر قايسى مىللەت
خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈندۇر» دېگەن ماقالە «شىنجاڭ ئىقتىساد»
ژۇرنىلى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مە-
سلىھەت كېڭىشى ئۈگىنىشكە تەشكىللىدى. مەركۇر ماقالە مەملىكەت بويىچە

ئېلىپ بېرىلغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەم جۇڭگو خەلق داشۆسى گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆپەيتىپ بېسىش مەركىزىدە كۆپەيتىپ بېسىلدى، پۈتۈن ماقالە « مىللەتلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى، شۇنداقلا مەملىكەتلىك « بەشتە بىر قۇرۇلۇشى » مۇكاپاتىغا يوللاندى. « جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىشىدۇ، ئايرىلمايدۇ » دېگەن ماقالە ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى ھەم يىغىندا ئوقۇلۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. مەزكۇر ماقالە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

تەتقىقات تېمىسىنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ چۈەنكۇڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى چېن تۇڭگۇيى، ئەزالار شۇ يۇچىن، ۋاڭ ۋېنخېڭ، گوجېڭلى قاتارلىقلار باھالاش پىكرىدە: « ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق » دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەدھىيىلەنگەن ‹ شىنجاڭ ئەزەلدىن ئېلىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ›، ‹ مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ›، ‹ ئىككى ئايرىلالماسلىق ›، ‹ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە چەكلەش ›، ‹ مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش › قاتارلىق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلەلەر بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىسپاتلانغان ۋە تەھلىل قىلىنغان، شۇنداقلا تارىخ بىلەن رېئاللىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قاراتمىلىققا ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. بىر قىسىم مەسىلەلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ئىسپاتلاش جەھەتتە، ئالايلۇق، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا، ھەر قايسى مىللەتلەر

باراۋەر، ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ خوجايىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي تەھدىت دېگەن باب، پاراگرافلاردا مەيلى چوڭقۇرلۇق، ياكى كەڭلىك جەھەتتىن بولسۇن، ئوخشاش تېمىلارغا قارىغاندا بۆسۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش بولغان، شۇڭا، بىر قەدەر يۇقىرى نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

«ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق» ناملىق كىتابنىڭ مەۋقەسى روشەن، قارىشى توغرا، بايانى سىستېمىلىق، نەقىل ئېلىنغان ماتېرىياللار جايىدا، قايىل قىلىش كۈچىگە، بىر قەدەر ئومۇمىيلىققا ئوقۇشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئىگە.»

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社1996年8月第一版1996年8月第一次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
تېخنىكا ـ ئېدىتور: گۈلنار بارات

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق

باش تۈزگۈچى: خې فۇلىن
تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر داۋۇت
غوپۇر ئىسمايىل

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
گېئولوگىيە رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1996 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 12001 — 17000
ISBN7—228—04184 -4/D • 447
باھاسى: 10.80 يۈەن

责任编辑：阿布利米提·依明
技术编辑：古丽娜尔·巴拉提

维护祖国统一简明读本　（维吾尔文）

主编：　何富麟

卡得尔·达吾提
乌甫尔·斯马义　译

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001）
新疆人民出版社微机室排版
新疆地矿彩印厂印刷
850×1168毫米 32开本 10 印张 2插页
1996年12月第1版　1997年3月第2次印刷
印数：12001—17000

ISBN7—228—04184—4/D·447　定价：10.80 元